ئاندېرسېن چۆچەكلىرى



# پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

باشمالتاق قىز

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

زەھەرخەندە پادىشاھ

قۇياشنىڭ ھېكايىسى

ISBN 978-7-228-10730-8

9 787228 107308 >

定价：13.00 元

2

ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

# پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل مىجىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 - يىل ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

安徒生童话选. 2：维吾尔文/（丹）安徒生(Andersen，H. C.）著；帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 2
ISBN 978—7—228—10730—8

Ⅰ. 安… Ⅱ. ①安… ②帕… Ⅲ. 童话—作品集—丹麦—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I534.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 017259 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | (丹)安徒生 |
| 译　　者 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提，阿孜古丽·克力木 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5.25 |
| 版　　次 | 2008 年 2 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 2 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 13.00 元 |

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国少年儿童出版社 2005 年 10 月第 1 版，2005 年 10 月第 1 次印刷本选译出版。

# پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

## (ئاندېرسېن چۆچەكلىرى — 2)

ئاپتورى: ئاندېرسېن (دانىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت، ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.25
نەشرى: 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—10730—8
باھاسى: 13.00 يۈەن




بۇ كىشى خانس خىرىستىئان ئاندېرسېن.

ئۇ دانىيەدە تۇغۇلغان.

لېكىن، ئۇ ئىجاد قىلغان چۆچەكلەر دانىيەدىن
جىق - جىق ھالقىغان.

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ھازىرغىچە
ئاڭلاپ كەلمەكتە.

# مۇھەررىردىن

*

خانس خىرىستىئان ئاندېرسېن (1805 — 1875)،
دانىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق بالىلار چۆچىكى
يازغۇچىسى. ئۇ دانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئودىنسەي
دېگەن كىچىك بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ
دادىسى موزدۇز بولۇپ، ئەنگلىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى
مەزگىلىدە ناپولېئونغا ياللانما ئەسكەر بولغان، كېيىن
كېسەل سەۋەبى بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئاندېرسېن بۇ چاغدا ئاران 11
ياشتا بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئائىلە خىزمىتىدىن تاپقان
كىرىمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئاندېرسېن ئائىلە
تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىدىن مەكتەپتە ئوقۇشقا ئامالسىز

قىلىپ، يوڭ توقۇلما ماللار دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1819 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندېرسېن ئارتىس بولۇش ئويى بىلەن كوپېنھاگېنغا كېلىپ، پادىشاھلىق تىياتىرىغا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلاشقان، كېيىن بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل سەنئەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىشىلىك ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ، مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرگەن.

ئاندېرسېن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ شېئىر، دراما، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ كۆرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتى چۆچەك ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى ئاساسەن باللار چۆچىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاندېرسېن ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەك يازغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر باللار چۆچىكى يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئاندېرسېننىڭ چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاندېرسېننىڭ چۆچەكلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، شېئىرىي تۈيغۇ بىلەن فانتازىيىگە تويۇنغان. ئۇ تەسۋىرلىگەن ئۇچار قۇش، ھايۋانات، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، بېلىقلار، گۈللەر، ئوت ـ

گىياھلار، پۈتكۈل تەبىئەت، ھەتتا ئائىلە سايمان ـ جابدۇقلىرى، ئويۇنچۇقلاردا ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ھالدا قايتىدىن جان كىرىدۇ؛ دادىللىق بىلەن قىلىنغان تەسەۋۋۇر زامان، ماكانىنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ئاجايىپ ـ غارايىپ چاقماقنىڭ ياردىمى بىلەن شاكىچىك ئەسكەر پادىشاھ بولىدۇ؛ سەت ئۆردەك چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىدۇ؛ شىددەتلىك شەرق شاملى باتۇرلارنى ئەقىل ـ پاراسەت ماكانى ۋە بەختلىك ئارال دۆلىتىگە باشلاپ كېلىدۇ؛ بۇلبۇلنىڭ تۆككەن مۇڭلىرى ئىمتاسلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ ئەمەلگە ئېشىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. ئومۇمەن، ئاندېرسېننىڭ چۆچەك دۇنياسىدا تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر بىلەن بىللە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. مەيلى ئەپسانىدىكى دۇنيا بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش بولسۇن بىر ـ بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئاندېرسېن ئۇسلۇب جەھەتتە ئىخچام، روشەن بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يۈزەكى ھەشەمەتلەرگە بېرىلمەيتتى. تىلىنىڭ جانلىق

بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلىدا ساپ، جانلىق خەلق تىلىنىڭ سەھراچە پۇراقلىرىمۇ بار ئىدى.

ئاندېرسېن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى چۆچەك ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان. ئاندېرسېن 1875 - يىلى كوپېنھاگېندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.



# مۇندەرىجە

ئىدانىڭ گۈللىرى ............ 1
پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ............ 18
چاقماق قۇتىسى ............ 32
قەيسەر قەلەي ئەسكەر ............ 49
ياۋا ئاق قۇ ............ 60
گۈل پەرى ............ 96
شەمشاد ............ 108
ئۇچار ساندۇق ............ 126
ھومېر قەبرىسىدە ئېچىلغان قىزىلگۈل ............ 140
چوشقا باققۇچى ............ 143

# ئىتانىڭ گۈللىرى

— بىچارە گۈللىرىم، راستىنلا ئۆلۈپ قالغانمىدۇ؟ — دەپتۇ كىچىككىنە ئىتا، — ئاخشام تېخى ئۇلار شۇنداق چىرايلىق تۇراتتى، مانا ئەمدى يوپۇرماقلىرى سولىشىپلا كېتىپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ دىۋاندا ئولتۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن.

ئۇ بۇ بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ ئىتاغا قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدىكەن، قەغەزنى قىيىپ تانسا ئويناۋاتقان خانىمنىڭ، گۈل - گىياھلارنىڭ، ئوردا - قەسىرلەرنىڭ شەكلىنى چىقىرالايدىكەن. ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىمۇ شۇنداق ئوچۇق ئىكەن.

— بۇ گۈللەر بۈگۈن زادى نېمىشقا بۇنداق سەتلىشىپ كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىتا قولىدىكى

بىر تۇتام سولىشىپ قالغان گۈلنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق سولىشىپ كەتكىنىنىڭ سىرىنى دەپ بېرەمسىز؟ — دەپتۇ بالا، — ئۇلار كېچىچە تانسا ئويناپ چىققاچقا، ئاشۇنداق سالپىيىپ قالغان گەپ.

— گۈللەر تانسا ئويناشنىمۇ بىلەمدىكەن تۇرسا؟ — دەپتۇ ئىدا.

— ئۇلار تانسىغا ئۇستا. ھەممىمىز شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەندە، ئۇلار چۆرىدىشىپ تانسا ئوينايدۇ، ھەر ئاخشىمى تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ.

— كىچىك بالىلارمۇ تانسىغا قاتناشسا بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ بالا، — كىچىككىنە دەستارگۈل بىلەن لاندىشگۈلمۇ قاتنىشىۋاتقان يەردە، ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— ئەڭ چىرايلىق گۈللەر قەيەردە تانسا ئوينايدىغاندۇ؟

— پادىشاھنىڭ يازلىق ئوردىسىغا بېرىپ باققانمىدىڭىز؟ ئۇ يەردە چىرايلىق گۈللەر شۇنچىلىك كۆپ. بولكا ئۈۋىقى تاشلاپ بەرسىڭىز، سىزگە قاراپ ئۈزۈپ كېلىدىغان ئاق قۇلارنى كۆرگەن بولغىيتتىڭىز؟ ھە، تانسا كېچىلىكى ئاشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

— تۈنۈگۈن ئاتام بىلەن ئۇ گۈلزارلىققا بېرىپ باققانتىم، — دەپتۇ ئىدا، — شۇغىنىسى، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ، چىرايلىق گۈللەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ گۈللەر قەيەرگىمۇ

كەتكەندۇ؟ تېخى يازدىلا ئۇ يەردە نۇرغۇن گۈللەرنى كۆرگەنتىم.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردىغا كۆچۈپ كەتتى، — دەپتۇ بالا، — پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى باشلاپ شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ كەتتى، قۇرۇق قالغان ئوردىغا گۈللەر كۆچۈپ كىرىۋالدى. ھېلى ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ قالىسىز. ئۇلار شۇنچىلىك خۇشال دەڭە. ئەڭ چىرايلىق ئىككى ئەتىرگۈل تەختكە چىقتى، ئۇلارنىڭ بىرى گۈل پادىشاھ، يەنە بىرى گۈل خانىش بولدى. قىزىل تاجگۈللەرنىڭ ھەممىسى ئىككى ياقتا قول باغلاپ تۇرىدۇ، گۈل پادىشاھ بىلەن گۈل خانىش «ھايت» دېسىلا ئۇلار ئويۇن قويۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىرايلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى تانسىغا چۈشىدۇ. زەڭگەر ۋىئولېت گۈلى دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى بولۇپ، شەرق نەرگىز گۈلى خېنىم ۋە زەپەر خانىملار بىلەن تانسا ئوينايدۇ. ياشىنىپ قالغان مېھرىگۈل بىلەن ئۇزۇن بويلۇق نېلۇپەر گۈللىرى تانسىدا ناشايان ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى چەتتە سالاپەت بىلەن ھەممىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

— ئەجەب ئىش، گۈللەر ئوردىغا كىرىپ تانسا ئوينىسا، ئۇلارنى قوغلىۋېتىدىغان ئادەم يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىتا.

— بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. كېچىسى ئوردىدا كۆزەتچىلىك قىلىدىغان بوۋاي ئاچقۇچلىرىنى شاراقلىتىپ يېتىپ كېلىشىگە، گۈللەر ئۇزۇن پەردىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ مارىشىدۇ. «بۇرنۇمغا

گۈللەرنىڭ ھەددى كېلىشۋاتىدۇيا» دەيدۇ بوۋاي، ئەمما ئۇ گۈللەرنى كۆرمەيدۇ.

— ئەجەب قىزىق، — دەپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ ئېتا، — ئۇ گۈللەرنى مەنمۇ كۆرەلمەسمەنمۇ؟

— كۆرەلەيسىز، — دەپتۇ ئوقۇغۇچى بالا، — شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، دېرىزىدىن ئىچكىگە قارىسىڭىزلا ئۇلارنى كۆرەلەيسىز. مەن بۈگۈن دېرىزىدىن قارىسام، ئۇزۇن بىر تال نېلۇپەر گۈلى خۇددى ئاقچى ئانىدەك دىۋاندا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

— ئۆسۈملۈك باغچىسىدىكى گۈللەرمۇ ئۇ يەرگە بارامدۇ؟ شۇنچە ئۇزۇن يولدا ئۇلار ھېرىپ، قۇرۇپ قالامدۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇلار بېرىشنى خالىسىلا ئۇچۇپ بارىدۇ. سىز ئاشۇ قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلىك چىرايلىق كېپىنەكلەرنى كۆرمىگەنمۇ، ئۇلارمۇ خۇددى گۈلگىلا ئوخشايدىغۇ. ئەسلىدە ئۇلار گۈل ئىكەندۇق. ئۇلار گۈل بەرگىلىرىنى خۇددى قاناتقا ئوخشاش قېقىپ، گۈل شاخلىرىدىن ئاسمانغا سەكرەيدىكەن، ئاندىن ئۇچالايدىكەن. ئۇلار بەكمۇ ئەدەپلىك ئۇچقاچقا، كۈندۈزلىرىمۇ ئۇچۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. ئۇلار گۈللەرنى ماكان، گۈل بەرگىلىرىنى قانات قىلغانىكەن. ئۇلارنى سىزمۇ چوقۇم كۆرگەن. ئۆسۈملۈك باغچىسىدىكى گۈللەرگە شاھ ئوردىسىغا بېرىش نېسىپ بولمىغاندۇ، ئۇلار ئۇ يەرنىڭ كېچىسىنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدىغىنىنى بىلمەيدىغاندۇ ھەرقاچان، شۇڭا مەن سىزگە، ئۆسۈملۈك باغچىسىدىكى پروفېسسور

ھەيران قالغۇدەك بىر ئىشنى ئۆگىتىپ قوياي. سىز ئۇنىڭ باغچىسىغا بېرىپ قالسىڭىز، ئۇچرىغانلىكى بىر گۈلگە پادىشاھ ئوردىسىدا تەنتەنىلىك تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭ. ئۇ گۈل بۇ خەۋەرنى بىردەمدىلا باشقا گۈل ئاداشلىرىغا تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە گۈل ئوردىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. پروفېسسور كېلىپ شۇنداق قارىسا بىرمۇ گۈل يوق. ئۇ گۈللەرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالىدۇ.

— لېكىن، گۈل سۆزلىيەلمەيدىغان تۇرسا، بىر - بىرىگە قانداق خەۋەر يەتكۈزىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېتا.

— توغرا، ئۇلار سۆزلىيەلمەيدۇ، ئەمما بىر - بىرىگە مەقسىتىنى قول ئىشارىسى بىلەن ئۇقتۇرالايدۇ. سىز ئۇلارنىڭ مەيىن شامال چىققاندا باشلىرىنى لىڭشىتىپ، يوپۇرماقلىرىنى يېنىك شىلدىرلاتقىنىنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئۇلار شۇ ئارقىلىق بىر - بىرىگە مەقسىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

— پروفېسسور ئۇلارنىڭ ئىشارەت بىلەن سۆزلىشىشىنى بىلەمدىغاندۇ؟

— ئەلۋەتتە، بىلىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەن ئۇ باغچىغا كىرسە، بىر چاققاق يوپۇرماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چىرايلىق قىزىل چىنىگۈلگە: «سىز نېمىدېگەن ئوماق، مەن سىزنى سۆيىمەن» دەۋاتقۇدەك. پروفېسسورنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشى بولمىغاچقا، چاققاقنىڭ يوپۇرمىقىغا بىرنى ئۇرۇۋېتىكەن، چاققاق شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ - دە، پروفېسسورنىڭ قولى



ئېچىشىپ، ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ چاققاققا ھەرگىز يېقىن كەلمەپتۇ.

— تازا قىزىق ئىش بوپتۇ، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ئېتا.

— كىچىك بالىنى ئىشىنىدۇ دەپ ئاشۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ يۈرەمسەن؟ — دەپتۇ قاچانلاردىدۇر كىرىپ ساپادا ئولتۇرۇۋالغان پارلامېنتنىڭ سۆرۈن چىراي مەسلىھەتچىسى. ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىغا بەكمۇ ئۆچ ئىكەن، ئۇ قىيغان رەسىملەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۇ قىيغان رەسىملەرنىڭ ئىچىدە دارغا ئېسىلغان بىر ئادەمنىڭ رەسىمى بار ئىكەن. ئۇ ئالىقىنىغا ئېلىۋالغان يۈرەك ئۇنىڭ نۇرغۇن يۈرەكنى ئوغرىلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەن. يەنە بىر رەسىمدە، بىر جادۇگەر موماينىڭ ئېرىنى قاڭشىرىغا مىندۇرۇپ، ئۆزى سۈپۈرگىگە مىنىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقى قىيىلغانىكەن. ئۇ بۇ رەسىملەرنى كۆرسىلا ھازىرقىدەك كوتۇلداپلا كېتىدىكەن: «قانداق گەپ بۇ؟ مۇشۇ ئارقىلىق كىچىك بالىلارنى گوللىماقچىمۇ؟ ئۇچىغا چىققان خىيالپەرەسلىكقۇ بۇ».

ئوغۇل ئوقۇغۇچى سۆزلەپ بەرگەن قىزىقارلىق ئىشلار ئىبتانىڭ خىيالىدىن زادى نېرى بولماپتۇ. «گۈللەرنىڭ سولىشىپ بېشىنى ساڭگىلىتىۋېلىشى ئۇلارنىڭ تاڭ ئاتقۇچە تانسا ئويناپ ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىكەن ـ دە، ئۇلار ئاغرىپ قالامدۇ يا» دەپ ئويلاپتۇ ئىبتا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ گۈللەرنى چىرايلىق ياسالغان ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى ئويۇنچۇقلارنىڭ يېنىغا ئويناتقىلى ئاپىرىپتۇ. ئۇستەلنىڭ تارتمىلىرىمۇ ئىبتا ئامراق ئويۇنچۇقلار بىلەن تولغانىكەن.

ئۇنىڭ قونچىقى سوفىيە كارىۋىتىدا ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇ قونچىقىغا:

— سوفىيە، ئورنۇڭدىن تۇرە. بۈگۈنچە تارتمىنىڭ ئىچىدە يېتىپ تۇرغىن، بىچارە گۈللەر ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇلار كارىۋىتىڭدا يېتىپ ئارام ئېلىۋالسۇن. شۇنداق قىلساق، ئۇلار ساقىيىپ قالامدۇ تېخى، — دەپ، ئۇنى ياتقان ئورنىدىن يۆتكىۋېتىپتۇ.

سوفىيە مېنى ئىسسىق ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇۋەتتى، دەپ خاپا بولۇپ، دومسايغىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئىبتا گۈللەرنى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپتۇ، ئاندىن تاتلىققىنا ئۇخلىۋالسۇن، دەپ ئۈستىگە كىچىك يۇڭ ئەديال يېپىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇلارغا:

— مەن سىلەرگە چاي دەملەپ كىرەي، ئۇنى ئىچىپ بىرلا تەرلەنسەڭلار، ئەتە ساقىيىپ قوپىسىلەر، — دەپتۇ، ئاندىن ئەتىگەنلىك قۇياش كۆزىنى چېقىپ

كەتمىسۇن، دەپ پەردىلەرنى ھەم يېپىپ قويۇپتۇ.

ئۇ كېچىچە ئوقۇغۇچى بالا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئويلاپ يېتىپتۇ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھەم يېپىلغان دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى ئانىسىنىڭ گۈللىرىگە قاراپ بېقىپتۇ. ئۇ بۇ چىرايلىق گۈللەرگە قاراپ:

— بىلىمەن، بۈگۈن كېچە تانسىغا بارىسىلەر، — دەپ پىچىرلاپتۇ.

ئەمما، گۈللەر ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىپ، يوپۇرماقلىرىنىمۇ مىدىرلاتماي جىممىدە تۇرۇۋاپتۇ. ئېتا ئۇلارنىڭ ھېيلىسىنى بىلگەچكە، پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپتۇ.

ئېتا يوتقاندا يېتىپ: «ئاشۇ چىرايلىق گۈللەرنىڭ پادىشاھ ئوردىسىدا تانسا ئوينىغىنىنى كۆرەلىگەن بولسام نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى، مېنىڭ گۈللىرىمۇ تانسىغا بارىدىكى» دەپ ئويلاپتۇ، ئويلا، ئويلا، ئاخىر ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بوپتۇ، يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپتۇ، چۈشىدە ئۇ گۈللەرنى ۋە ئوقۇغۇچى بالىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى پارلامېنت ئەزاسى ئۇ بالىنى ئېتانى ئالدىدىك، دەپ ھەدەپ ئەيىبلەۋاتقۇدەك.

ئېتا ياتقان ئۆي جىمجىتلىقتا چۆمگەن بولۇپ، ئۈستەلدىكى چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان، ئاتا ـ ئانىسى قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىكەن.

«گۈللىرىم ھېلىمۇ سوفىيەنىڭ كارىۋىتىدا ئۇخلاۋا ـ تامدىغاندۇ، بۇنى ئەجەب بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ دېسە» دەپتۇ



ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ئاڭ ـ ىدىن ئورنىدىن قوپۇپ ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ قالغان ئۆيگە قاراپتۇ. گۈللەر بىلەن ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئاشۇ ئۆيدە ئىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىئانىنو ئاۋا ـ زى ئاڭلانغاندەك زاھىر بوپتۇ. پىئانىنو ئاۋازى شۇنچىلىك لەرزان، شۇنچىلىك يېقىملىق ئىكەن، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق يېقىملىق كۈينى ئاڭلاپ باقماپتىكەن. «گۈللەر چوقۇم تانسا ئويناۋاتىدۇ، ئۇلارنى بىر كۆرسەم نېمە بولار، ئاھ خۇدا». ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ئويغىتىۋېتىشتىن قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا پېتىنالماپتۇ.

«گۈللەر بۇ ئۆيگە كىرسە ياخشى بولاتتى» دەپ ئارزۇ قىپتۇ ئۇ. لېكىن، گۈللەر كىرمەپتۇ. لەرزان مۇزىكا توختىماپتۇ. ئېتا ئەمدى پەقەت تاقەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ ماراپتۇ. پاھ، نېمىدېگەن قىزىقارلىق مەنزىرە بۇ!

ئۆينىڭ ئىچى چىراغ بولمىسىمۇ يوپيورۇق ئىكەن،

ئاينىڭ شولىسى دېرىزىدىن پولغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. نەرگىزگۈل بىلەن كۆركۆم گۈللىرى پولدا ئىككى رەت بولۇپ تۇرغانىكەن. دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئورنىدا قۇرۇق تەشتەكلەرلا تۇرغۇدەك. رەڭگارەڭ گۈللەر چۆرىدىشىپ سىلىق تانىسغا چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. بىردەمدىن كېيىن يوپۇرماقلار ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ ئۇزۇن بىر سەپ بوپتۇ. پىئانىنو چېلىنۋاتقان سېرىق نېلۇپەر ئىكەن. ئېتا ئۇنى يازدا بىر قېتىم كۆرگەنىكەن. ئەنە شۇ چاغدا ئوقۇغۇچى بالا ئۇنىڭغا: «قارىغا، ئۇ لېنا قىزغىلا ئوخشايدىكەن» دېسە، باشقىلار ئۇنى مازاق قىلغانىكەن. شۇ تاپتا ئېتا ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن بويىنىڭ، ئۇزۇنچاق يۈزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ لېنا قىزغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. نېلۇپەر گۈلنىڭ يېقىملىق مۇزىكا رىتىمىغا كەلتۈرۈپ، بېشىنى ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان قىلىشلىرى لېناغا تېخىمۇ ئوخشايدىكەن.

ئېتانىڭ قاراپ تۇرغىنىنى گۈللەرنىڭ ھېچقايسىسى سەزمەپتۇ. بىر تال زەپەرگۈل سەكرەپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئوتتۇرىغا كېلىپ پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغاچ سوفىيەنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، چىمىلدىقنى ئىككى تەرەپكە قايرىۋېتىپتۇ. ھېلىقى كېسەلمەن گۈللەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ تانىسغا مەيلى بارلىقىنى ئىزھار قىلىپ باشقا گۈللەرگە سالام قىپتۇ. بىر يەرگە ئۆرۈلۈپ توشقان كالپۇك بولۇپ قالغان تۇرخۇن تازىلىغۇچى بوۋاي قونچاق ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ چىرايلىق گۈللەرگە ئېگىلىپ تەزىم

قىپتۇ. گۈللەرنىڭ تۇرقىدىن ئاغرىپ قالغاندەك ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا گۈللەرگە قوشۇلۇپ، شاد ـ خۇرام ھالدا تانسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، نېمىدۇر بىرنېمە ئۈستەلدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بىلىنىپتۇ، ئېتا ئۇ تەرەپكە قاراپ، باللار كارنىۋال بايرىمىدا مىنىپ ئوينايدىغان ياغاچ ئاتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇنداق سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە بەكمۇ خۇشتار ئىكەن. شۇڭا ئۇ مەنمۇ مۇشۇ گۈللەرنىڭ خىلى دەپ ئويلاپ، ئۈستەلدىن سەكرىگەنىكەن. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە موم ئادەم مىنىۋالغانىكەن. موم ئادەمنىڭ بېشىدىكى كەڭ گىرۋەكلىك قالپاق پارلامېنت مەسلىھەتچىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. دۈب ياغىچىدىن ياسالغان بۇ ياغاچ ئات ئېغىر پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ مازۇركىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. باشقا گۈللەر بەك يەڭگىل بولغاچقا، يەرنى قاتتىق تېپىپ ئوينايدىغان بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىيالمايدىكەن.

ياغاچ ئاتقا مىنىۋالغان ھېلىقى موم ئادەم بىردىنلا يوغىناپ كېتىپتۇ ۋە قەغەز گۈللەرنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— كىچىك بالىغمۇ ئاشۇنداق بىمەنە گەپلەرنى قىلغان بارمۇ؟ ھەممىسى ئەخمىقانە خام خىيال! — دەپ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ.

موم ئادەم بېشىغا كىيىۋالغان كەڭ قاسقانلىق قالپاق مەسلىھەتچىنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش ئىكەن، چىرايىمۇ ئۇنىڭكىدەك تاتىراڭغۇ ھەم سۆرۈن ئىكەن. قەغەز گۈللەر ئۇنىڭ شادا پاچىقىغا ئۇرۇپ قويغانىكەن،

ئۇ بىردىنلا كىچىكلەپ بۇرۇنقى موم ئادەم ھالىتىگە قايتىپتۇ. بۇ ئىشلار قىزچاق ئىپتاغا بەكمۇ قىزىق تۇيۇلۇپ كۈلۈۋەتكىلى قىل قاپتۇ. ياغاچ ئات ھەدەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتىكەن، مەسلىھەتچىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئۇ مەيلى يوغىناپ كەتسۇن ياكى كىچىكلەپ كەتسۇن، بېشىدىكى قاسقىنى كەڭ قالپىقىنى لىڭگىرلىتىپ توختىماي ئويناشقا مەجبۇر ئىكەن. كېيىن باشقا گۈللەر، بولۇپمۇ سوفىيەنىڭ كارىۋىتىدا ئۇخلاپ قوپقان گۈللەر ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنى ياغاچ ئاتتىن تىلىۋالغاندىن كېيىن، ياغاچ ئات ئاندىن ئويناشتىن توختاپتۇ، موم ئادەممۇ «ئۇھ» دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا، ئۈستەل تارتمىسى قاتتىق تاراقلاپ كېتىپتۇ. ئىپتانىڭ قونچىقى سوفىيە بىلەن باشقا ئويۇنچۇقلىرى تارتمىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. تۆرخۇن تازىلىغۇچى ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە بېرىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ تارتمىنى ئازراق ئېچىپ قويۇپتۇ. سوفىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن بېقىپ:

— تانسا بولۇۋېتىپتۇ - دە، نېمىدەپ ماڭا ئېيتىپ قويمايسىلەر؟ — دەپ كايىپتۇ.

— مەن بىلەن تانسىغا چۈشۈشنى خالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ تۆرخۇن تازىلىغۇچى.

— خالىمامدىغان، سىز دېگەن شۇنداق كېلىشكەن ئادەم تۇرسىڭىز، — سوفىيە شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

سوفىيە تارتمىنىڭ ئىچىدە، چوقۇم بىرەر گۈل

كېلىپ تانسىغا تارتىدىغۇ دېگەن ئۈمىدتە كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما، بىرەر گۈل كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتماپتۇ. ئۇ «ئۆھۆ، ئۆھۆ» قىلىپ يۆتىلىپ قويۇپتۇ، بىراق بۇنىڭمۇ پايدىسى بولماپتۇ، يەنىلا بىرەر گۈل كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتماپتۇ. تۇرخۇن تازىلىغۇچى تانسىنى ئۆزى يالغۇز خېلى كېلىشتۈرۈپ ئويناپتۇ.

سوفىيەگە بىرەر گۈلمۇ نەزەر ـ گۇزىرىنى سېلىپ قويماپتۇ. ئۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى «گۈپپىدە» قىلىپ يەرگە ئېتىپتىكەن، چۆچۈپ كەتكەن گۈللەر ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن: «بىرەر يېرىڭىز ئاغرىپ كەتتىمۇ؟» دەپ سورىشىپتۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتقان گۈللەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ هالى قالماپتۇ. ئەمەلىيەتتە، سوفىيەنىڭ هېچ يېرى ئاغرىمىغانىكەن.

گۈللەر ئۇنىڭ راھەت كارىۋىتىنى ئۆزلىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاينىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان يەرگە ئەكېلىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناپتۇ، قالغان گۈللەر ئەتراپتا ئۇنى چۆرىدەپ تانسا ئويناپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يايراپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا:

— سىلەر قاچان خالىساڭلار شۇ چاغدا كارىۋىتىمدا يېتىۋېرىڭلار، مەن تارتمىدا ياتساممۇ بولىۋېرىدۇ، — دەپتۇ.

— چىن كۆڭلىمىزدىن ھەشقاللا. ئەمما بىز ئۇزاق ياشىيالمايمىز، ئەتە ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز. ئېيتا قىزغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بىزنى سېرىقفۇشقاچنىڭ

قەبرىسى قېشىغا كۆمسۇن. شۇنداق قىلسا، كېلەر يىلى بىز يېڭىباشتىن كۆكلەپ، تېخىمۇ چىرايلىق ئېچىلىمىز، ــ دەپتۇ گۇللەر.

ــ ئۇنداق دېمەڭلار، سىلەر ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر، ــ دەپتۇ سوفىيە گۇللەرنى بىر - بىرلەپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا، زالنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر توپ چىرايلىق گۇل ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە كىرىپ كەپتۇ.

ئېتا ئۇ گۇللەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى دەماللىققا بىلەلمەپتۇ، «ئۇلار ئوردىدىن كەلگەن گۇللەر بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. گۇللەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا بېشىغا ئالتۇن تاج تاقىغان ئىككى ئەتىرگۇل ــ گۇللەر پادىشاھى بىلەن گۇللەر خانىشى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ ۋېئولېت گۇلى بىلەن چىنىگۇل كىرىپ ھەممەيلەنگە تەزىم قىپتۇ. ئۇلارنىڭ سازەندىلىرىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىكەن. پورەكلەپ ئېچىلغان ئەپيۇنگۇل بىلەن مودەنگۇل كۆك پۇرچاقنى كاناي ئورنىدا كۆچەپ پۈۋلەپ، قىزىرىپ، ئېسىلىپ كېتىپتۇ. كۆك كەترەنگۇلى بىلەن ئاپئاق ئەتىرگۇل خۇددى بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىۋالغاندەك جىرىڭلىغان ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بۇ مۇزىكىلار كىشىگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا كۆك بىنەپشە، قىزىل لەيلىقازاق، سېرىق سەبدە، نورۇزگۇللەر يېتىپ كېلىپ ئۆزئارا سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇلارغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىكەن.

ئاخىردا گۈللەر بىر ـ بىرىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ خوشلىشىپتۇ، ئېتامۇ ئاستا كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپتۇ، كېچىدە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە يەنە ئايان بوپتۇ.

ئۇ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا گۈللەر يەنە شۇ يەردىمىكىن دەپ ئۇستەلنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇ چىملىدىقىنى قايرىپ كارىۋاتتىكى گۈللەرگە قاراپتۇ. قارىسا، ئۇلار تۇنۇگۈنكىدىنمۇ بەكرەك سولىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆلۈپ قاپتۇ. سوفىيە يەنىلا تارتمىدا ياتقانىكەن، ئۇ ئېتاغا تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنۈپتۇ.

— ماڭا بىرنېمىلەرنى دەپ بېرىشىڭ كېرەككۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ ئېتا، ئەمما سوفىيە زۇۋان سۈرمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپتۇ.

— سەن بەك ئەسكىكەنسەن، نېمىلىكى بولسا، ئۇلار سەن بىلەن تانسا ئوينىغانىدى، — دەپتۇ ئېتا، ئاندىن ئۇستىگە ئوماق قۇش سىزىلغان بىر قەغەز قۇتىنى ئاپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىگە ئۆلۈپ قالغان گۈللەرنى قاچىلاپتۇ.

— بۇ سىلەرنىڭ چىرايلىق ھەم راھەت تاۋۇتۇڭلار، — دەپتۇ ئېتا، — بىردەمدىن كېيىن نورۋېگىيىدىكى نەۋرە ئاكىلىرىم مېنى يوقلاپ كەلگەندە سىلەرنى باغچىغا كۆمۈشۈپ بېرىدۇ. ياز كەلگەندە، سىلەر قايتىدىن كۆكلەپ تېخىمۇ چىرايلىق ئېچىلىسىلەر.

ئېتانىڭ نورۋېگىيىلىك نەۋرە ئاكىلىرى تولىمۇ قاۋۇل، شوخ باللار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى جوناس،



يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئادولف ئىكەن. ئۇلار دادىسى بەرگەن ئوقيالىرىنى ئېتاغا كۆرسىتىپتۇ. ئېتا ئۆلۈپ قالغان بىچارە گۇللەرنىڭ ئىشىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئىككى بالا ئوقيالىرىنى مۇرىسىگە ئاسقىنىچە ئالدىدا مېڭىپتۇ، ئېتا چىرايلىق قۇتىغا سېلىنغان گۇللەرنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئاستا مېڭىپتۇ.

ئۇلار باغچىنىڭ ئىچىگە كىچىككىنە ئورەك كولاپتۇ.

ئېتا گۈللەرنى سۆيۈپ قويۇپ قۇتا بىلەن بىللىلا ئورەككە كۆمۈۋېتىپتۇ. مىلتىق ياكى زەمبىرەك بولمىغاچقا، جونناس بىلەن ئادولف ئاسمانغا قارىتىپ ئوقيا ئېتىپ گۈللەرگە تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ.

# پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئېسىل كىيىملەرگە شۇنچىلىك ئامراق ئىكەنكى، بارلىق پۇلىغا كىيىم كىيىدىكەن، دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىكەن. ئۇ يېڭى، پۇزۇر كىيىملىرىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەتەي تىياتىرلارغا بارىدىكەن، مەيسىگە ئولتۇرۇپ سەيلە - تاماشا قىلىدىكەن. ھەربىر سائەتتە بىر قېتىم يېڭى كىيىم كىيىدىكەن، باشقا ئەلنىڭ پۇقرالىرى: «شاھىمىز دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ھەلەك» دېسە، بۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرى: «شاھىمىز كىيىم يۆتكەش بىلەن ھەلەك» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

پادىشاھنىڭ بۇ پايتەختىدە ئەل ئامان، تۇرمۇش پاراۋان ئىكەن، چەت ئەللىك مېھمانلارمۇ كېلىپ -



كېتىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ شەھەرگە ئىككى كاززاپ كەپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز ئۇستا باپكار، كىشىلەر ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان چىرايلىق رەختلەرنى توقۇيالايمىز. ئۇ رەختلەرنىڭ رەڭ - نۇسخىلىرى كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىملەر ئاجايىپ خاسىيەتلىك، بۇ كىيىملەرنى ناقابىل ئەمەلدارلار بىلەن ئەخمەقلەر ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ: «ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ كىيىملەر ئىكەن، تازا كۆڭلۈمدىكىدەك. بۇنداق كىيىمنى كىيىۋالسام، ئوردىدىكى قايسى ئەمەلدارىمنىڭ لاياقەتلىك، قايسى ئەمەلدارىمنىڭ لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئەقىللىق، قايسىسىنىڭ دۆتلۈكىنى بىلىۋالغۇدەكمەن. ئۇلارغا بۇنداق رەختنى تېزرەك توقۇتاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇلارغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ ئۇ خىل رەختنى توقۇشنى بۇيرۇپتۇ.

كاززاپلار راستىنلا ئىككى دەستىگاھنى قۇرۇپ، رەخت توقۇغان قىياپەتتە بىر ئىشلارنى قىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن، دەستىگاھنىڭ ئۈستىدە ھېچنېمە يوق ئىكەن. ئۇلار ھېلى يىپەك يىپ دېسە، ھېلى ئالتۇن يىپ دەپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ھەمىيىنىنى سەمرىتىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇلار خۇددى جاپالىق رەخت توقۇۋاتقاندەك، قۇرۇق دەستىگاھنىڭ ئالدىدا تا تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرىدىكەن.

«ئۇلار توقۇغان رەختنى بىر كۆرۈپ باققان بولسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، لېكىن ئۇ كاززاپلارنىڭ بىز توقۇغان رەختنى ناقابىل ئەمەلدارلار بىلەن ئەخمەقلەر كۆرەلمەيدۇ، دېگەن گېپىنى ئويلاپ سەل ئىككىلىنىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ يەنە مېنىڭ ئەنسىرىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى، مەن ئۇنداق بولمىسام يا، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا رەختنى كۆرۈپ كېلىشكە باشقا بىرىنى ئەۋەتىشنى توغرا تېپىپتۇ.

كاززاپلار توقۇماقچى بولغان رەختنىڭ خاسىيىتى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەنىكەن، ھەركىم ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك دۆت ياكى ھاماقەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىستەيدىكەن.

«ئىككى ئۇستىكارنىڭ قېشىغا سادىق ۋەزىرىمنى ئەۋەتەي، ئۇ ھەممىدىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىر قاراپلا توقۇغان رەختلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلەلەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ قېرى ۋەزىر ئىككى كاززاپ رەخت توقۇۋاتقان يەرگە كەپتۇ. ئۇلار قۇرۇق دەستىگاھنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرمەي رەخت توقۇۋاتقاندەك بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقۇدەك.

«ئاھ، پەرۋەردىگار، بۇ نېمە ئىش؟ — ۋەزىر كۆزىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپتۇ، — رەخت تۇگۇل، رەخت توقۇيدىغان يىپنىمۇ كۆرمىدىمغۇ؟» بىراق، ئۇ بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماپتۇ.

ئىككى كاززاپ ۋەزىرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قۇرۇق دەستىگاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ:

— ماۋۇ رەختنى كۆرۈپ باقسىلا، رەڭگى، نۇسخىسى چىرايلىقمىكەن؟ سىلىگە يارىدىمۇ؟ — دەپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر بىچارە كۆزلىرىنى تورلىشىپ قالمىغاندۇ دەپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ تېخىمۇ يوغان ئېچىپتۇ، يەنىلا قۇرۇق دەستىگاھتىن بۆلەك ھېچنېمە كۆرمەپتۇ.

«خۇدايا توۋا، مەن دۆت، ھاماقەت ئوخشىمامدىمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئەقىللىق، پەم - پاراسەتلىك چاغلايتتىم. بۇ ئىشنى ئىنس - جىن بىلىپ قالمىسۇن، بولمىسا خەق مېنى لاياقەتسىز ۋەزىركەن دەپ قالامدۇ. توقۇلغان رەختلەرنى كۆرەلمىگىنىمنى ھەرگىز چاندۇرماسلىقىم كېرەك.»

— جانابلىرى، بۇ رەختنىڭ بولمىغان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بەرسىلە، بىز سىلىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە تۈزىتىۋالايلى، — دەپتۇ ھەدەپ رەخت توقۇۋاتقان قىياپەتتىكى بىر كاززاپ.

— ياھ، نېمىدېگەن چىرايلىق توقۇلغان رەخت بۇ. ھەرقانچە ئېسىل رەخت بولسىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس، — دەپتۇ قېرى ۋەزىر كۆزەينىكىنى تاقاپ تۇرۇپ، — ياھ، رەڭگىنىڭ چىرايلىقلىقىنى، گۈللىرىنىڭ كۆركەملىكىچۇ تېخى. رەختىڭلار ماڭا يارىدى، پادىشاھىمىزغا بۇ رەختنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بارىمەن.

— گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولدۇق، — دەپتۇ ئىككى كاززاپ تەڭلا، ئاندىن رەختنىڭ رەڭگىنىڭ ئاتىلىشىنى، نۇسخىسىنىڭ ئاجايىپلىقىنى ماختاپ، ۋەزىرنى سۆزگە كۆمۈۋېتىپتۇ.

قېرى ۋەزىر پادىشاھقا مەلۇم قىلغاندا ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ ئىچىدە تەكرارلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كاززاپلار رەخت توقۇشقا ئىشلىتىمىز دەپ يەنە نۇرغۇن ئالتۇن، يىپەك يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ ئاپتۇ، ئالغان نەرسىلىرىنى ئىككىسى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ، قۇرۇق دەستىگاھقا بولسا بىر قېتىم يىپ چاغلىق نەرسىمۇ چىقماپتۇ، ئەمما ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا دەستىگاھ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

پادىشاھ يەنە بىر داڭلىق ئەمەلدارىنى توقۇلغان رەختلەرنى كۆرۈپ كەلگەچ، قاچان توقۇلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ، چۈنكى ئۇ رەختلەردىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتقانىكەن.

بۇ ئەمەلدارنىڭ قىسمىتىمۇ قېرى ۋەزىرنىڭكىدىن پەرقلەنمەپتۇ، يەنى قۇرۇق دەستىگاھتىن باشقا رەخت ـ پەخت دېگەننى ئەسلا كۆرمەپتۇ.

— ۋاي بىر قاراپ باقسىلا، بۇ رەختنىڭ رەڭگى، گۈللىرى چىرايلىقمىكەن؟ يېتىشسىز يەرلىرى بولسا يولىيورۇقلىرىنىڭ قۇلى بىز، — دەپ سۆلكەت قىپتۇ كاززاپلار.

«مەنغۇ دۆت ئادەم ئەمەس، — دەپ ئويلاپتۇ ئەمەلدار، — بۇ مېنىڭ بۇ ئەمەلگە لايىق ئەمەسلىكىمدىن بولسا كېرەك. تازىمۇ كۈلكىلىك ئىش بولىدىغۇ بۇ. بۇ ئىشنى باشقىلارغا ھەرگىز



بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاندۇرماستىن ئوڭىدا تۇرماق چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن رەختنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئۇ رەخت ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن، رەڭگىنىڭ كۆركەم، گۈللىرىنىڭ نەپىسلىكىگە گەپ كەتمەيدىكەن، — دەپ مەلۇم قىپتۇ ئۇ ئەمەلدار پادىشاھقا.

پۈتۈن ئەلنىڭ ئاغزىدا شۇ ئېسىل رەختنىڭ گېپىلا ئىكەن.

رەختنىڭ قانداق توقۇلغانلىقىنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەن پادىشاھ ئەمەلدار - قەلەمدارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باپكارخانىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى قېرى

ۋەزىر بىلەن ھېلىقى ئەمەلدارمۇ بار ئىكەن.

پادىشاھ كېلىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئىككى «باپكار» ھەدەپ «رەخت توقۇۋاتقانمىش»، لېكىن دەستىگاھتا پۈرۈچ چاغلىق نەرسىمۇ يوقمىش.

— مانا دېمىدۇقمۇ؟ كارامەت ئېسىل دەپ، — دەپتۇ ۋەزىر بىلەن ئەمەلدار، — قارىسىلا ئالىيلىرى، بۇ رەختنىڭ رەڭگىگە، گۈللىرىچۇ تېخى.

ئۇلار قۇرۇق دەستىگاھنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھەدەپ ماختىغىلى تۇرۇپتۇ.

«بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ — دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، — قۇرۇق دەستىگاھتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىمغۇ. ئاھ، خۇدا، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال. مەن شۇنچە دۆتمۇ؟ پادىشاھ بولۇشقا لايىق ئەمەسمۇيا مەن. ئەزەلدىن بۇنداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانىدىم.»

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ چاندۇرماستىن:

— ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن، ماڭا بەك يارىدى، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ قۇرۇق دەستىگاھقا قاراپ.

ئۇنىڭ بىللە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ھەرىدەك دەستىگاھنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ھېچنېمە كۆرمىگىنىگە قارىماي، بەس - بەس بىلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي يوق رەختنى ماختاپ كېتىپتۇ ھەمدە پادىشاھقا، بۇ ئېسىل رەختتىن كىيىم تىكتۈرۈپ ئالدىمىزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا مۇراسىمدا كىيسىلە، سىلىگە قاراپ خالايىقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇدەك، دەپ جېنىنىڭ بارىچە خۇشامەت قىپتۇ.

پادىشاھ خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماپتۇ. ئۇ

ئىككى كازراپقا «چەۋەنداز» ئوردېنى تاقاپ قويغاننى ئاز دەپ، ئۇلارغا يەنە «باپكارچىلىقنىڭ پىرى» دېگەن نامنىمۇ بېرىپتۇ.

كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئىككى كازراپ ئون ئالتە پانارنى يېقىپ قويۇپ كېچىچە كىرپىك قاقماي پادىشاھقا يېڭى كىيىم تىكىپتۇ.

ئۇلار رەختنى دەستىگاھتىن چۈشۈرگەن، قايچا بىلەن پىچقان ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ، ئاندىن يىپى يوق يىڭنە بىلەن ناھايىتى سىلىق تىكىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ.

ئۇلار كېچىچە ھەپىلىشىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن:

— پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى پۈتتى! — دەپ ئېلان قىپتۇ.

پادىشاھ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك چەۋەندازلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەپتۇ. ئىككى كازراپ خۇددى ئىككى قولىدا بىرنېمە تۇتۇپ تۇرغاندەك قوللىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— مانا بۇ تامباللىرى، مانا بۇ چاپانلىرى، بۇ بولسا تونلىرى، بۇلار پەيدىنمۇ يېنىك، ئۆزلىرىنى خۇددى ھېچنېمە كىيمىگەندەك يەڭگىل سېزىلا، مانا بۇ بۇ كىيىمنىڭ خاسىيىتى، — دېيىشىپتۇ.

— بەرھەق شۇنداق ئىكەن، — دېيىشىپتۇ چەۋەندازلار ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ.

— شەپقەتلىك ئالىيلىرى، كىيىملىرىنى سالغان بولسىلا، — دەپتۇ كازراپلار، — مانا ماۋۇ ئەينەكنىڭ



ئالدىغا كەلسىلە، كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويايلى.

پادىشاھ جىمى كىيىمىنى سېلىۋېتىپتۇ. كاززاپلار يېڭى كىيىملەرنى پادىشاھقا كىيگۈزۈۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ، تونىنىڭ ئارقا پېشىنى ئوڭشاۋاتقاندەك، تۈگمىلىرىنى ئېتىۋاتقاندەك بىر ئىشلارنى قىپتۇ.

پادىشاھمۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ كىيىملىرىنىڭ ياراشقان - ياراشمىغىنىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ.

— ياپىر، ئەجەب ياراشتى، بۇنىڭدەك پاسونى چىرايلىق كىيىمنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز. رەڭگىنىڭ يارقىنلىقىنى، گۈللىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى،

پاھ - پاھ، بىباھا كىيىم بوپتۇ بۇ، — دېيىشىپتۇ ئۇنى يۇلتۇزدەك ئورىۋالغان ئادەملەر.

— سايىۋەن تەييار بولۇپ قالدى، ئەلنى كېزىش كاتتا مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، — دەپتۇ مۇراسىم ئەمەلدارى.

— مانا، تەييار بولدۇم، بۇ كىيىم ماڭا يارىشىپتىمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېڭى كىيىمدىن مەمنۇن بولۇۋاتقان قىياپەتتە.

پادىشاھنىڭ ئارقا پېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان مۇلازىملار پولدىن بىرنېمىنى ئالغاندەك، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېچنېمە كۆرمىگەنلىكىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ياسىداق سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئەل ئارىلاپ مېڭىپتۇ. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان ۋە دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان خالايىقنىڭ ھەممىسى بىردەك:

— پاھ، پاھ، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كىيىمى ھەقىقەتەن تەڭداشسىز چىرايلىقكەن. ۋاي، شاھلىق تونى نېمىدېگەن تىكىش تاپقان، ئارقا پېشىچۇ تېخى. بۇ كىيىم پادىشاھنىڭ بەستىگە قۇيۇپ قويغاندەك يارىشىپتۇ، — دەپتۇ.

ھېچكىم ھېچنېمە كۆرمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا پېتىنالماپتۇ، ئۇنداق قىلسا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى دۆت ياكى يارامسىز دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك





ماختاشقا ئىرىشمىگەنىكەن، پادىشاھمۇ يېڭى كىيىم كىيىپ ھېچقاچان ئۆزىنى بۇگۇنكىدەك بەختىيار ھېس قىلمىغانىكەن.

— پادىشاھ ئۇچىسىغا ھېچنېمە كىيمەپتىغۇ، قىپيالىڭاچ تۇرىدىغۇ ! — دەپتۇ بىر بالا.

— يا ھەزرەت، ماۋۇ ئىش ئۇقمايدىغان بالا نېمە دەيدىغاندۇ، — دەپتۇ دادىسى.

خالايىق بالىنىڭ گېپىنى قۇلاقتىن قۇلاققا يەتكۈزۈپتۇ:

— پادىشاھ ھېچنېمە كىيمەي قىپيالىڭاچ كېتىۋېتىپتۇ، بىر كىچىك بالا شۇنداق دەپتۇ !

ئاخىرغا بېرىپ ھەممە ئادەم تەڭ:

— پادىشاھ كىيىم كىيمەپتۇ، پادىشاھ قىپيالىڭاچ ئىكەن ! — دەپ توۋلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ گېپى ئۇنىڭغا راستتەك بىلىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇراسىمنى ئاخىرغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ غادىيىپ مېڭىۋېرىپتۇ. مۇلازىملارمۇ ئەسلىدىلا مەۋجۇت ئەمەس تونىنىڭ ئارقا پېشىنى كۆتۈرگەن قىياپەتتە كېتىۋېرىپتۇ.

# چاقماق قۇتىسى

چوڭ يولدا بىر ئەسكەر ئۆشنىسىدە تىگمقى، بېلىدە قىلىچى، «بىر، ئىككى ! بىر، ئىككى !» دەپ مارشقا دەسسەپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ھېلىلا تېخى جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ ئۆيىگە مېڭىشى ئىكەن. يولدا ئۇنىڭ ئالدىغا تولىمۇ سەت بىر پېرىخون موماي ئۇچراپتۇ. ئۇ موماي شۇنچىلىك سەت ئىكەنكى، دورداي تۆۋەن كالپۇكى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن.

— كەچلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن، ئەسكەر بالا، — دەپتۇ موماي ئۇ ئەسكەرگە، — قىلىچىڭ ئەجەب پارقىراق، ئۆشنەڭدىكى تىگمقىڭ ئەجەب يوغان ئىكەنا. سەن ھەقىقىي ئەسكەر ئىكەنسەن. شۇ تاپتا سەن قانچە پۇلغا ئېرىشىشنى خالىساڭ، شۇنچە پۇلغا ئېرىشەلەيسەن.

— رەھمەت سىزگە، موما، — دەپتۇ ئەسكەر.

— ئاۋۇ چوڭ دەرەخنى كۆردۇڭمۇ؟ — دەپتۇ پېرىخون ئالدىدىكى دەرەخنى كۆرسىتىپ، — ئۇ دەرەخنىڭ ئىچى كاۋاك، ئۈستىگە چىقىپ پەسكە قارىساڭ بىر كامارنى كۆرىسەن. سەن كاماردىن سىيرىلىپ پەسكە، دەرەخنىڭ يىلتىزىغىچە چۈشكىن، ئاندىن مېنى تۇۋلىساڭ، مەن ساڭا ئارغامچا تاشلاپ بېرىمەن، ئارغامچىنى بېلىڭگە باغلىساڭ، مەن سېنى تارتىپ چىقىرىۋالىمەن.

— ئۇ يەرگە نېمىشقا چۈشىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەسكەر.

— نېمىشقا چۈشەتتىڭ، پۇل ئالغىلى - دە، دەرەخنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشۈپ شۇنداق قارىساڭ، كەڭ كەتكەن بىر ئۆڭكۈرنى كۆرىسەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە يۈزچە چىراغ يېنىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە قۇلۇپلاقلىق ئۈچ ئىشىك بار، ئاچقۇچلىرى قۇلۇپىدا، شۇڭا ئۇ ئۆيلەرگە بىمالال كىرەلەيسەن. ناۋادا بىرىنچى ئۆيگە كىرەر بولساڭ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان بىر ساندۇقنى كۆرىسەن. ساندۇقنىڭ ئۈستىدە كۆزلىرى پىيالىدەك بىر ئىت ئولتۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز قورقما. مەن گۈللۈك پەرتۇقۇمنى ساڭا بېرىمەن، سەن ئۇنى يەرگە سېلىپ، ھېلىقى ئىتنى كۆتۈرۈپ پەرتۇقۇمغا ئولتۇرغۇزۇپ قوي، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ قانچىلىك پۇل ئېلىشنى خالىساڭ، شۇنچىلىك ئال. ئۇ پۇللار ھەممىسى مىستىن قۇيۇلغان. ئەگەر ساڭا كۈمۈش يامبۇ لازىم بولسا، ياندىكى ئىككىنچى ئۆيگە كىر. ئۇ ئۆيدىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىتنىڭ كۆزىنىڭ

چوڭلۇقى چۆچەكچىلىك بار. ئۇنىڭدىنمۇ ئانچە چۆچۈپ كەتمە، ئۇنىمۇ پەرتۇقۇمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، پۇلنى خالىغىنىڭچە ئىلىۋەرسەڭ بولىدۇ. ئەگەر ساڭا تىللا لازىم بولسا، ئۈچىنچى ئۆيگە كىرگىن. ئۇ ئۆيدىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىتنىڭ كۆزىنىڭ چوڭلۇقى تۈگمەن تېشىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىمۇ پەرتۇقۇمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تىللالارنى خالىغىنىڭچە ئال، — دەپتۇ پېرىخون موماي.

— بۇغۇ بەلەن گەپكەن، — دەپتۇ ئەسكەر، — لېكىن، بۇنىڭ بەدىلىگە مەن سىزگە نېمە بېرىمەن؟ مېنىڭچە سىز مېنىڭدىن بىرنېمە تەلەپ قىلماسلىقىڭىزغۇ دېيمەن.

— ماڭا سېنىڭ ھېچنېمەڭ كېرەك ئەمەس. پەقەت ئاشۇ ئۆڭكۈردىكى كونا چاقماق قۇتىسىنى ئاچىقىپ بەرسەڭلا بولىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغ مومام ئاشۇ يەردە ئۇنتۇپ قاپتىكەن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئارغامچىنى ھازىرلا بېلىمگە باغلىۋالاي، — دەپتۇ ئەسكەر.

— ماقۇل، مە، پەرتۇقۇمنىمۇ ئېلىۋال، — دەپتۇ پېرىخون موماي.

ئەسكەر دەرەخكە چىقىپ، دەرەخ كاۋىكىدىن يەنە پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپتىكەن، راست دېگەندەك يۈزچە چىراغ يېقىلغان بىر ئۆڭكۈرنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ دەسلەپىدە بىرىنچى ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۆيگە شۇنداق كىرىشىگە كۆزلىرى پىيالىدەك بىر ئىت ساندۇقنىڭ ئۈستىدە خىرىس قىلىپ ئولتۇرغۇدەك.



— سەن بەك ياۋاش ئىتقۇ، — ئەسكەر شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى ئاستا كۆتۈرۈپ پېرىخون مومايىنىڭ پەرتۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ، ئاندىن مىس يارماقلار بىلەن يانچۇقىنى تولدۇرۇپتۇ.

ئۇ ئىتنى كۆتۈرۈپ جايىغا قويغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، راست دېگەندەك كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغان بىر ئىت تۇرغۇدەك.

— ماڭا بۇنداق تىكىلىپ قارىما، — دەپتۇ ئەسكەر ئۇنىڭغا، — بولمىسا كۆزلىرىڭ تېلىپ كېتىدۇ.

ئۇ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئىتنىمۇ پېرىخون مومايىنىڭ پەرتۇقىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپتۇ، ساندۇقتىكى شۇنچە كۆپ يامبۇلارنى



كۆرۈپ، يانچۇقىدىكى مىس يارماقلارنى تۆكۈۋېتىپتۇ ــ دە، يانچۇقلىرىنى، بوغجۇمىسىنى يامبۇ بىلەن تولدۇرۇپتۇ.

ئارقىدىن ئۇ ئۈچىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ، بۇ ئۆيگە كىرىپ قارىسا كۆزلىرى تۈگمەن تېشىدەك يوغان بىر ئىت كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇرغۇدەك، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىمىش.

ـــ خەيرلىك كەچ! ـــ دەپ سالام بېرىپتۇ ئەسكەر ئۇنىڭغا. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىتنى ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىكەن.

ئەسكەر ئۇ ئىتنىمۇ مومايىنىڭ پەرتۇقىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپتۇ. ياپىر، ساندۇقنىڭ ئىچىدە ھەددى ــ ھېسابسىز تىللا تۇرغۇدەك. ئۇ بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل كوپېنھاگېننى، دۇنيادىكى جىمى قەلەي ئەسكەرنى، قامچىلارنى ۋە ئويۇنچۇق ياغاچ ئاتلارنى سېتىۋالالايدىكەن. شۇ ئەمەسمۇ، پۇل دېگەن ساندۇقى بىلەن تۇرسا.

بۇ قېتىم ئۇ يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ ئىچىدىكى يامبۇلارنى تۆكۈۋېتىپ ئورنىغا تىللا سېلىپتۇ، بوغجۇمىسىنىمۇ يېشىپ ئىچىدىكى يامبۇلارنى تىللاغا ئالماشتۇرۇپتۇ، بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلغۇسى كەلمەي، قالپىقىغا، ئۆتۈكىگە، ئىشقىلىپ، تىللا سالغىلى بولىدىغانلىكى يېرىنى تىللا بىلەن توشقۇزۇپ ماڭالماي قاپتۇ. نېمىلا بولسىمۇ، ئۇ پۇلدار ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

ئۇ ئىتنى بۇرۇنقى ئورنىغا ـــ ساندۇقنىڭ ئۈستىگە

قويۇپ قويۇپ ئۇستىگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— موما، مېنى تارتىۋېلىڭ !

— چاقماق قۇتىسىنى ئالدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پېرىخون موماي.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەپ غوتۇلداپتۇ ئەسكەر، — بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ.

ئۇ كەينىگە يېنىپ، چاقماق قۇتىسىنى ئاپتۇ. پېرىخون موماي ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە يېرى تىللا بىلەن توشۇپ كەتكەچكە، تارتىپ چىقىش خېلى تەسكە توختاپتۇ.

— بۇ چاقماق قۇتىسىنى نېمە قىلىسىز؟— دەپ سوراپتۇ ئەسكەر.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. پۇلغا ئىگە بولغاندىكىن ئارتۇقچە ئىشقا ئارىلاشماي يولۇڭغا ماڭ.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. چاقماق قۇتىسىنى نېمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى دېمىسىڭىز، كاللىڭىزنى ئالىمەن.

— ئۇنداق قىلما ! — دەپتۇ پېرىخون موماي.

ئەسكەر ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، ئاندىن بارلىق تىللانى پەرتۇققا چىگىپ ئۆشىنىسىگە ئارتىپ، چاقماق قۇتىسىنى بولسا يانچۇقىغا سېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ شەھەرگە كىرىپتۇ. بۇ شەھەر بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇ ئەڭ كاتتا سارايغا چۈشۈپتۇ، ئەڭ ئېسىل تائاملارنى بۇيرۇپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا پۇل دېگەن ساماندەك - دە !

شۇغىنىسى، ئۇ تېخى ئۆتۈك سېتىۋېلىشقا

ئۇلگۇرەلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سۇرتۇپ قويماقچى بولغان مۇلازىمنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆتۈكى تولىمۇ كونا، سەت ئىكەن.

ئەتىسى ئەسكەر بازارغا بېرىپ چىرايلىق ئۆتۈك، ئېسىل كىيىملەرنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ بۇ كىيىملەرنى كىيىپتىكەن، بەئەينى تۆرىنىڭ ئۆزى بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ شەھەردىكى ئاۋات رەستىلەرنىڭ، چىرايلىق سەيلىگاھلارنىڭ، پادىشاھنىڭ، مەلىكىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئۇ گۈزەل مەلىكىنى قانداق قىلسام كۆرەلەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— ئۇنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن، — دەپتۇ باشقىلار، — ئۇ ناھايىتىمۇ چوڭ ھەم پۇختا مىس قەسىردە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كۆزىتىش راۋاقلىرى بار. ئۇ قەسىرگە پادىشاھتىن بۆلەك ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. بۇرۇن بىر مۇنەججىم مەلىكىنى بىر ئاددىي ئەسكەرگە تېگىدۇ دەپتىكەن، پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مەلىكىنى قاچۇرۇپ ئاشۇ قەسىردە ساقلاۋاتىدۇ.

«ئۇ مەلىكىنى بىر كۆرسەم بولاتتى» دەپ ئارزۇ قىپتۇ ئەسكەر، ئەمما ئۇ يەرگە كىرىشنىڭ ئامالىنى قىلالماپتۇ.

ئۇ خۇددى بايۋەچچىلەردەك ياشاشقا باشلاپتۇ. ئۇ يەيدىكەن، ئىچىدىكەن، نەدە ئويۇن - تاماشا بار دېسە شۇ يەردە پەيدا بولىدىكەن، بىرلا ياخشى يېرى، ئۆزىمۇ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، نۇرغۇن پۇلنى نامراتلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ.

ئۇ ھازىر پۇلدار بولغاچقا، دوست ـ يار، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆك باشلىق چىۋىنلەردەك ئولىشىپتۇ. ئۇلار ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئالداپ يەيدىكەن، ئەسكەر ئەخمەق ئۆزىچە خۇشال بولۇپ يۈرىۋېرىدىكەن.

ئۇ پۇلنى ئاشۇنداق غازاڭدەك خەجلەيدىكەن، بىر تىيىن تاپاۋەت يوق، پۇلنىڭ چىققىنى چىققانىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت ئىككى يارماقلا قاپتۇ. ئۇ ئامالسىز كاتتا تۇرالغۇسىدىن كەپتەرخانىچىلىك بىر ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپتۇ. ئۇ ئايىغىنى ئۆزى ياماشقا، كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان دوستلىرى قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەپتۇ. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ پۇلى تۈگەپتۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن تار پەلەمپەيدىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك چىقىشقا توغرا كېلىدىكەن.

بىر كۈنى كەچتە، ئۇ بىر تال شام ئېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەي قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە چاقماق قۇتىسىغا سانجىقلىق كۆيۈپ قېپقالغان ئازراق شام كەپتۇ ـ دە، قۇتا بىلەن شامنى ئاپتۇ. ئۇ شامغا ئوت يېقىش ئۈچۈن قۇتىنىڭ ئىچىدىكى چاقماق تاشنى ئېلىپ شۇنداق سۈركىشىگە ۋاللىدە ئوت چاقناپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى ئۆڭكۈردە كۆرگەن ھېلىقى كۆزلىرى پىيالىدەك ئىت ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

—— خوجايىن، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ —— دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ ئەسكەر ھەيرانلىق ئىچىدە، — بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك چاقماق قۇتىسى ئىكەنغۇ. ئەمدى نېمىنى خالىسام، شۇنىڭغا ئېرىشىدىغان بولدۇم.

ئۇ ئىتقا قاراپ:

— ماڭا بىرئاز پۇل لازىم، — دەپتىكەن، ئىت شۇ ھامان كۆزدىن غايىب بوپتۇ ـ دە، بىردەمدىن كېيىنلىق بىر خالتا پۇلنى چىشلىگىنىچە پەيدا بوپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئەسكەر چاقماق قۇتىسىنىڭ كارامىتىنى بىلىپتۇ. ئۇ ئۇنى بىر قېتىم سۇركىسە مىس يارماقنى بېقىپ ياتقان ئىت، ئىككى قېتىم سۇركىسە يامبۇنى بېقىپ ياتقان ئىت، ئۈچ قېتىم سۇركىسە تىللانى بېقىپ ياتقان ئىت پەيدا بولىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، شۇنداق ئېتىپ يۈرۈپ، ئۇ يەنە كاتتا ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقىپتۇ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپتۇ، دوستلىرىمۇ يەنە كۆك باشلىق چىۋىنلەردەك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ: «غەلىتە ئىش، مەلىكىنىڭ يېنىغا ھېچكىم كىرەلمەيدىكەن، ئۇنى بەكمۇ گۈزەل دېيىشىدىكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھېچكىم كۆرەلمىسە نېمە پايدىسى؟ مەن بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلسەم بولامدۇ» دەپ ئويلاپ، چاقماق تېشىنى شۇنداق سۇركەپتىكەن، ھېلىقى كۆزلىرى پىيالىدەك ئىت پەيدا بوپتۇ.

— ھازىر تۈن نىسپى بولدى، — دەپتۇ ئەسكەر، —

مېنىڭ مەلىكىنى شۇنداق كۆرگۈم بار. ئۇنى بىردەم بولسىمۇ كۆرسەم دەيمەن.

ئىت قۇيۇندەك چېپىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئەسكەر نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە مەلىكىنى دۇمبىسىگە ياتقۇزۇپ پەيدا بوپتۇ. شېرىن ئۇيقۇدىكى مەلىكە شۇنچىلىك ئۇز ئىكەنكى، ئەسكەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ دەرھال ئۆزىگە كېلىپ ئەسكەرلىكىنى قىپتۇ ـ دە، بېرىپلا مەلىكىنى چوككىدە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ.

ئىت مەلىكىنى ئېلىپ قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز غايىب بوپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىدا مەلىكە ئاتا ـ ئانىسىغا كېچىدە كۆرگەن چۈشىنى ئۆرۈپ بېرىپتۇ:

— شاھ ئاتا، خانىش ئاپا، كېچە غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن. بىر ئىت مېنى يۈدۈپ يۈرىمىش، بىر ئەسكەر مېنى سۆيۈپ يۈرىمىش.

— ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، — دەپ قويۇپتۇ خانىش.

ئەمما، ئۇ بىر سادىق كېنىزەكنى مەلىكىنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا يېتىپ، مەلىكىنىڭ چۈشىنىڭ چۈش ياكى راست بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەسكەرنىڭ مەلىكىنى تېخىمۇ كۆرگۈسى كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىتنى مەلىكىنى ئالدىدا ھازىرقىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىت مەلىكىنى يۈدۈپلا قۇيۇندەك چېپىپتۇ، كېنىزەك پۇتىغا كەشىنىمۇ سالماي ئۇچقاندەك قوغلاپتۇ.



ئۇ ئىتنىڭ كاتتا بىر قورۇغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، دەرۋازىغا ئاق بور بىلەن بەلگە سىلىپ قويۇپتۇ - دە، ھەرنىمە بولسا مەلىكىنىڭ كىرىپ كەتكەن يېرىنى بىلىۋالدىم دەپ ئويلاپ، قايتىپ بېرىپ ئۇيقۇسىنى خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ.

بىر چاغدا ئىت مەلىكىنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئەسكەرنىڭ ئىشىكىدە قوشۇش

بەلگىسى تۇرىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاق بور بىلەن شەھەردىكى بارلىق ئىشىك ـ دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىگە بەلگە سىزىپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كېنىزەك پادىشاھ بىلەن خانىشنى مەلىكىنىڭ كىرىپ كەتكەن ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن باشلاپ كەپتۇ.

— ھەببەللى، مانا تاپتۇق، دەل مۇشۇ يەركەن ! — دەپتۇ پادىشاھ بەلگە سىزىلغان تۇنجى ئىشىكنى كۆرۈپلا.

— ياق ئۇ يەردە ئەمەسكەن، ماۋۇ يەردىكەن، شاھىم ! — دەپتۇ خانىش باشقا بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ.

— ماۋۇ يەردىكەن !

— ئاۋۇ يەردىكەن !

لېكىن، ئۇلار ئاخىر ھەممە ئىشىكلەرگە ئوخشاش بەلگە سىزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بىكار ئاۋارە بولغانلىقلىرىنى بىلىشىپ ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

خانىش بەكمۇ ئەقىللىق ئايال ئىكەن، ئات مىنىپ سەيلە قىلىشتىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئىشقا ئەقلى يېتىدىكەن. ئۇ ئالتۇن قايچىسىنى ئىشقا سېلىپ چىرايلىق يىپەكتىن بىر كىچىك خالتا تىكىپتۇ. خالتىنىڭ ئىچىگە كېپەك سېلىپ، خالتىغا يىڭنىنىڭ كۆزىدىن سەل چوڭراق بىر تۆشۈك تېشىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇنى مەلىكىنىڭ كىيىمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە چاندۇرماي ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇنداق قىلغاندا، خالتىدىكى كېپەك مەلىكىنىڭ ئىزىنى بويلاپ تۆكۈلۈپ ماڭىدىكەن.

كېچىدە ئىت يەنە كەپتۇ ـ دە، مەلىكىنى ئاشىق يىگىتنىڭ يېنىغا ئاپىرىش ئۈچۈن دۈمبىسىگە ئېلىپ

مېڭىپتۇ. بۇ ئاشىق ئەسكەر يىگىتنىڭ بەكلا شاھزادە بولغۇسى بار ئىكەن، شاھزادە بولالىسا مەلىكىنى ئەمرىگە ئالالايدىكەن.

بۇ قېتىم ئىت بىخەستەلىك قىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئورۇندىن تارتىپ تا ئەسكەرنىڭ تۇرالغۇسىغىچە كېپەك سېپىلىپ ماڭغىنىنى سەزمەپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بىلەن خانىش كېپەك سېپىلگەن يولنى بويلاپ مېڭىپ ئەسكەرنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى تۈرمىگە تاشلاپتۇ. تۈرمىنىڭ ئىچى ھەم قاراڭغۇ، ھەم مەينەت ئىكەن. نۆكەرلەر ئۇنىڭغا، ئەتە سېنى دارغا ئاسىدۇ، دەپتۇ. ئەسكەرنىڭ تولىمۇ بېشى قېتىپتۇ، نېمىشقا دېگەندە، ئۇ چاقماق قۇتىسىنى تۇرالغۇسىدا ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

ئەتىسى سەھەردە، ئۇ تۈرمىنىڭ تۆمۈر پەنجىرىسىدىن سىرتقا قارىسا، ئادەملەر گۇر ـ گۇر دار مەيدانىغا قاراپ ئېقىۋاتقۇدەك. ئۇ داقا ـ دۇمباق چېلىپ، سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلەرنىمۇ كۆرۈپتۇ.

تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى تېرە پەرتۇقنى تارتىپ ھېچنېمىگە قارىماي چېپىپ كېتىۋاتقان بىر موزدۇز بالىغا چۈشۈپتۇ. شۇ چاپە ـ چاپە بىلەن ئۇنىڭ بىر پاي كەشى پۇتىدىن ئۇچۇپ چىقىپ تۈرمە پەنجىرىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ.

ــــ ھەي، شاكىچىك، نېمانچىۋالا يۇگۇرىسەن؟ ــــ دەپتۇ ئەسكەر، ــــ مەن دار مەيدانىغا بارمىغۇچە ساڭا كۆرگۇدەك تاماشىمۇ يوق. مەن تۇرغان يەرگە بېرىپ چاقماق قۇتامنى ئەكېلىپ بەرسەڭ، ساڭا تۆت تەڭگە



بېرىمەن، شەرتىم، جېنىڭنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ كېلىشىڭ كېرەك.

تۆت تەڭگىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شاگىرت بالىنىڭ ئايىغى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇچقاندەك بېرىپ ئەسكەرنىڭ چاقماق قۇتىسىنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن — ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن قىلايلى.

شەھەر سىرتىغا دار ياسىلىپتۇ. دارنىڭ ئەتراپىنى

سانجاق ئەسكەر بىلەن لەكمىڭ پۇقرا ئورنۇاپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش سوتچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتۇن كۇرسىلىرىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ.

ئەسكەرنى دارنىڭ ئاستىغا ئەكېلىپ جاللاتلار بوينىغا ئەمدىلا سىرتماقنى سالاي دېيىشكە، ئەسكەر ئۆلۈم ئالدىدىكى گۇناھكارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى قاندۇرۇلىدۇ، شۇڭا بىر تال تاماكا چېكىۋېلىشقا رۇخسەت قىلساڭلار، دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىشمۇ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ياق دېيەلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر چاقمىقنى ئېلىپ «چاس، چاس، چاس» قىلىپ ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپتۇ.

ئەيھانناس، نېمە بوپتۇ دېمەمسىلەر، كۆزلىرى پىيالىدەك، چۆچەكتەك، تۈگمەن تېشىدەك ئۈچ ئىت ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. ئەسكەر ئىتلارغا:

— ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار مېنى دارغا ئاسماقچى، — دەپتىكەن، ئىتلار سوتچىلارغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار بىرىنىڭ پاچىقىدىن، بىرىنىڭ بۇرنىدىن ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتىكەن، سوتچىلار ئاسماندا نەچچە پىرقىراپ يەرگە چۈشۈپ، پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش قېچىپ كېتىشكە تەمشىلىپتىكەن، ئەڭ يوغان ئىت ئىككىسىنى تەڭلا قاپاپتۇ - دە، باشقا ئادەملەرنى ئاتقانغا ئوخشاش، ئاسماننىڭ قەرىگە ئېتىۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ يەرگە قانداق ھالەتتە چۈشۈشىنى دېمىسەكمۇ بىلىسىلەر.

— ئەسكەر بالىجان، سەن گۈزەل مەلىكىنى ئەمرىڭگە ئېلىپ بىزگە پادىشاھ بولغىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ خالايىق.

شۇنىڭ بىلەن خالايىق ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالتۇن كۈرسىدا ئولتۇرغۇزۇپ شاھانە مەپىگە ساپتۇ. ئۈچ ئىت پەيتۇننىڭ ئالدىدا: «ياشىسۇن !» دەپ توۋلىغاچ ئويناقشىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ.

ئەسكەر تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. پۈتۈن شەھەر شادلىققا چۆمۈپتۇ. مەلىكىمۇ مىس ئوردىدىن چىقىپ خانىش بولۇپ ئۆز بەختىنى تېپىپتۇ. سەككىز كېچە - كۈندۈز توي بوپتۇ. ھېلىقى ئۈچ ئىتمۇ كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ.



# قەيسەر قەلەي ئەسكەر

بۇرۇنقى زاماندا قەلەيدىن ياسالغان يىگىرمە بەش ئەسكەر ئۆتكەنىكەن. ئۇلار بىر دانە كونا قەلەي قوشۇقنى ئېرىتىپ قۇيۇلغاچقا، بىر تۇغقان — قېرىنداش ئىكەن. ئۇلار مىلتىقلىرىنى مۈرىلىرىگە ئالغىنىچە ئالدىغا تىك قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بىر قۇتىنىڭ ئىچىگە قاتار تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم:

— قەلەي ئەسكەرلەر! — دېگەن گەپنى ئاڭلاپتۇ.

ئۇلارنى چاقىرغان بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنىدە ئېرىشكەن ئەڭ كاتتا سوۋغىتى ئىكەن، شۇڭا ئۇ قەلەي ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ كەتكەنىكەن.

بالا ئۇلارنى ئۇستەلگە قاتار تىزىپتۇ. قەلەي

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى جېنى باردەك ناھايىتى جانلىق كۆرۈنىدىكەن، پەقەت بىرى ــ ئەڭ ئاخىردا قۇيۇلغىنىنىڭ پەقەت بىرلا پۇتى بار ئىكەن. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭغا كەلگەندە ئېرىتىلگەن قەلەي يەتمەي قالغانىكەن. لېكىن، بۇ بىر پۇتلۇق قەلەي ئەسكەرنىڭ تۇرقى ھەممىدىن نوچى، تۇرۇشى ھەممىدىن مەزمۇت ئىكەن. شۇڭا، ئادەمنىڭ كۆزى ھەممىدىن بۇرۇن شۇنىڭغا چۈشىدىكەن.

قەلەي ئەسكەرلەر سەپ بولۇپ تىزىلغان ئۇستەلدە يەنە باشقا ئويۇنچۇقلارمۇ بار ئىكەن. ھەممىدىن بەك كۆزگە چېلىقىدىغىنى قەغەزدىن ياسالغان قەسىر ئىكەن. قەسىر دېرىزىسىدىن ئىچىدىكى چوڭ زالنى كۆرگىلى بولىدىكەن. سىرتىدا كۆل شەكلىدە ياسالغان بىر ئەينەك بار ئىكەن، ئەينەك كۆلنىڭ ئەتراپىدا كىچىك ـ كىچىك دەرەخلەر بار ئىكەن. مومدىن ياسالغان ئاق قۇلار ئەينەك كۆلگە سايە تاشلاپ ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىكەن، ھەممىدىن گۈزەل كۆرۈنىدىغىنى قەسىر ئىشىكىدە قاراپ تۇرغان قىز ئىكەن. قەغەزدىن ياسالغان بۇ گۈزەل قىز گۈللۈك رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، چېچىغا چىگىۋالغان كەڭ ئۈزۈن لېنتىسى خۇددى زەڭگەر ياغلىق چىگىۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. قىزنىڭ لېنتىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزنىڭ يۈزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر ئالتۇن بۇلاپكا قادالغان بولۇپ، ۋال ـ ۋۇل چاقناپ تۇرىدىكەن. ئۇ قىز ئۇسسۇلچى ئىكەن، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، بىر پۇتىنى كەينى تەرەپكە ئېگىز كۆتۈرۈپ

تۇرغاچقا، ئۇدۇلدىن قارىغاندا كىشىگە بىر پۇتلۇقتەك كۆرۈنىدىكەن. شۇڭلاشقا، قەلەي ئەسكەر ئۇنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر پۇتلۇق ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇدەك.

قەلەي ئەسكەر: «ئەجەب خىلىمنى تاپتىم، ماڭا خوتۇن بولۇشقا تازا لايىقكەن، شۇغىنىسى ئوردىدا تۇرغىنىغا قارىغاندا ئېسىلزادە خېنىم ئوخشايدۇ، مەندەك قۇتىنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغان، يەنە كېلىپ يىگىرمە بەش قەلەي ئەسكەر بىلەن قىستىلىشىپ تۇرىدىغان ئەسكەرنى يارىتارمۇ؟ بوپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر پۇتلۇق قەلەي ئەسكەر سەل نېرىدىكى تاماكا قۇتىسىنىڭ كەينىگە ئۆزىنى پوككىدە تاشلاپتۇ ـ دە، شۇ يەردىن قىزنى ماراپ يېتىپتۇ. قارىسا، ئۇ قىز يەنىلا بىر پۇتى بىلەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ پېتىنى بۇزماي تۇرغۇدەك.

كېچە بوپتۇ. قەلەي ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇتىدىكى ئۆز ئورنىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپتۇ، ئەمما باشقا ئويۇنچۇقلارغا بايرام بوپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى يوقلىشىپتۇ، ئۇرۇش ئويۇنلىرىنى ئويناپتۇ، تانسا ئوينىشىپتۇ. قۇتىنىڭ ئىچىدىكى قەلەي ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئوينىغۇسى كېلىپ قىمىرلىشىپ كېتىپتۇ، لېكىن قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچالماي سالپىيىپ قاپتۇ.

ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان قىسقۇچ موللاق ئېتىپتۇ، تاش قەلەم تاش دوسكىدا قالايمىقان سەكرەپتۇ، ئىشقىلىپ، ئويۇن ـ تاماشا شۇنداق قىزىپ كېتىپتۇ. سېرىقچۇشقاچ بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن

ئويغىنىپ كېتىپ ۋىچىرلاپ شېئىر ئوقۇپ كېتىپتۇ. پەقەت قەلەي ئەسكەر بىلەن ئۇسسۇلچى قىزلا ئورنىدىن مىدىرلىماپتۇ، ئۇ قىزنىڭ بىر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرغىنى تۇرغانىكەن؛ قەلەي ئەسكەرمۇ بىر پۇتى بىلەن ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي تۇرىدىكەن.

سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇرغاندا، تاماكا قۇتىسىنىڭ ئاغزى تاراققىدە ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر جادۇگەر خوتۇن چىقىپ كەپتۇ. ئۇ قۇتا تولىمۇ نەپىس ياسالغان بولۇپ، بىر سەنئەت بۇيۇمى دېسە ئوشۇق كەتمەيدىكەن.

— هەي، قەلەي ئەسكەر ! — دەپ كاركىراپتۇ جادۇگەر، — قاراشقا تېگىشلىك يەرگە قاراپ، قىنىڭدا يۈرسەڭ بولامدىكىن.

قەلەي ئەسكەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا ساپتۇ.

— خەپ، ئەتە جاجاڭنى بەرمىسەم ! — دەپتۇ جادۇگەر.

تاڭ ئېتىپتۇ. بالىلار ئويغىنىپ قەلەي ئەسكەرنى دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. جادۇگەر ئەپسۇن ئوقۇدىمۇ ياكى شامالنىڭ كۈچىمۇ، ئىشقىلىپ، دېرىزە ئېچىلىپ قەلەي ئەسكەر ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن غۇيۇلداپ پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ دۇبۇلغا كىيگەن بېشى يەرگە، بىر پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قاپتۇ، مىلتىقىنىڭ ئۇچى كوچىغا ياتقۇزۇلغان تاشنىڭ يېرىقىغا سانجىلىپ قاپتۇ.

ئايال خىزمەتكار بىلەن بالا ئۇنى ئىزدەپ پەسكە

چۇشۇپتۇ. ئۇلار ئۇنى دەسسىۋېتەي، دەسسىۋېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ كۆرمەپتۇ. ئەسلىدىغۇ قەلەي ئەسكەر: «مەن بۇ يەردە» دەپ ۋارقىرىغان بولسىغۇ، ئۇلار ئۇنى تېپىۋالاركەن، ئەمما ئۇ كۆڭلىدە: «ئۇستۇمدە ھەربىي فورما، ئۆزۈم ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرسەم سەت ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ جىممىدە تۇرۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. يامغۇر بارغانسېرى ئەدەپ، كوچىلاردا يامغۇر سۈيى ئېرىق بولۇپ ئېقىشقا باشلاپتۇ.

يامغۇر توختىغاندىن كېيىن كوچا قاڭداپ يۈرگەن ئىككى لالما بالا قەلەي ئەسكەرنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— پاھ، ماۋۇ قەلەي ئەسكەرنى قەغەز قېيىققا سېلىپ ئوينىمامدۇق، — دەپتۇ بىر بالا.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالا گېزىتتىن قېيىق ياساپ قەلەي ئەسكەرنى ئۇنىڭ ئىچىگە سايتۇ. قەغەز قېيىق قەلەي ئەسكەرنى ئېلىپ يول بويىدىكى ئېرىقنى بويلاپ ئېقىپتۇ، ئىككى بالا خۇشاللىقىدىن چاۋاك چالغىنىچە ئېرىقنى بويلاپ كېيىنە بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپتۇ.

ياپىرا! قاتتىق يامغۇر ياغقاچقا، ئېرىقتىكى سۇ ئۇلغىيىپ دولقۇنلاپ، تۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن ئېقىشقا باشلاپتۇ. قەغەز قېيىق ھېلى ئۆرلەپ، ھېلى پەسلەپ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پىرقىراپ ئاققاچقا، قەلەي ئەسكەرنىڭ بېشى قېيىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، مىلتىقىنى مۈرىسىگە قويۇپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە راۋۇرۇس مەزمۇت تۇرۇپتۇ.

توساتتىن قەغەز قېيىق يەر ئاستى ئېرىقىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ھەم زەي ئىكەن. قەلەي ئەسكەر ئۆزىنى خۇددى قايتىدىن ھېلىقى قۇتىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ.

«مۇشۇ ئېقىشىمدا نەگە بېرىپ توختارمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — بۇ چوقۇم جادۇگەرنىڭ ھىيلىسى. ئىسىت، ھېلىقى قىزمۇ مۇشۇ قېيىقتا بولغان بولسا، بۇنىڭ ئىچى ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ رازى ئىدىم».

توساتتىن بىر چاشقان چىقىپ:

— يولخېتىڭ بارمۇ؟ يولخېتىڭنى چىقار ! — دەپتۇ.

قەلەي ئەسكەر ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي قولىدىكى مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. قەغەز قېيىق تېز ئېقىندا ئالدىغا كېتىۋېرىپتۇ، چاشقان تەلەتىدىن ياۋۇزلۇق ياغدۇرۇپ كەينىدىن قوغلاپتۇ.

— ئۇنى توسۇۋېلىڭلار، تۇتۇۋېلىڭلار، ئۇ تېخى باج تۆلىمىدى، يولخېتىنىمۇ كۆرسەتمىدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ چاشقان شاخ - شۇمبا، ئەخلەت - چاۋارلارغا قاراپ.

لېكىن، سۇنىڭ ئېقىشى شىددەتلىك بولغاچقا، ئۇلار قېيىقنى تۇتۇۋالالماپتۇ. بىر ئايلانمىغا كەلگەندە يىراقتىن بىر يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ، ئارقىدىنلا خېلى يۇرەكلىك ئادەمنىڭمۇ يۇرىكىنى تىترەتكۈدەك قاتتىق شاۋقۇن ئاڭلىنىپتۇ. يەر ئاستى سۈيى بېرىپ كەڭ قانالغا قۇيۇلۇپتۇ. بۇ يەردىن چۈشۈش خۇددى غايەت زور شارقىراتمىدىن پەسكە قاراپ ئېتىلىپ چۈشكەندەك



خەتەرلىك ئىكەن.

قەلەي ئەسكەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋېتىپ كۆزىنىمۇ چىمچىقلاتماي قەددىنى تىك تۇتۇشقا خېلى ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ، لېكىن قەغەز قېيىق تۆت ـ بەش قېتىم موللاق ئېتىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتكەچكە، مىلىچلاپ كېتىپ بارغانسېرى چۆكۈشكە باشلاپتۇ، ئاخىر سۇ قەلەي ئەسكەرنىڭ بوينىغىچە كەپتۇ، مانا بېشىمۇ سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ... ئۇنىڭ خىيالىغا ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىز كەپتۇ، ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

ئالغا، ئالغا، جەڭچى ئاكا،
ئۆلۈمدىن ھەرگىز قورقما.

دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

قەغەز قېيىقنىڭ ھېچنېمىسى قالماپتۇ، قەلەي ئەسكەر سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا يوغان بىر بېلىق كېلىپ ئۇنى دەم تارتىپتۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان ئەمدى! بېلىقنىڭ قورسىقى يەر ئاستى ئېرىقىدىنمۇ قاراڭغۇ بولۇپلا قالماي، بەكلا تار ھەم قالايمىقانىكەن. ئەمما قەلەي ئەسكەر قەتئىي تىز پۈكمەپتۇ، بېلىقنىڭ قورسىقىدا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، مىلتىقنى چىڭ تۇتۇپ يېتىپتۇ.

بىر چاغدا، بېلىق پىلتىڭلاپ ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ جان تالىشىپتۇ، ئاخىر جىمىپلا كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا

بېلىقنىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە بېلىقچىلار ئۇ بېلىقنى تۇتۇپ بازارغا ئاپىرىپ ساتقان، ئاشپەز ئايال ئۇنى سېتىۋېلىپ ئاشخانىغا ئەكېلىپ قارنىنى يارغانىكەن.

ئاشپەز ئايال ئۇنى بېلىقنىڭ قورسىقىدىن ئېلىپ، بېلىقنىڭ قورسىقىدا ساياھەت قىلغان بۇ غەلىتە ئادەمنى ئۆيدىكىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قەلەي ئەسكەر بۇنىڭدىن قىلچىمۇ ئىپتىخارلىق ھېس قىلماپتۇ.

ئۇلار ئۇنى ئۈستەلگە دەسسىتىپ قويۇپتۇ. تۇۋا! دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ غەلىتە ئىش بولىدىكەن دېسە. قەلەي ئەسكەر ئەتراپقا قاراپ، ئۆزىنىڭ چۆرگىلەپ بۇرۇنقى ئۆيگە كېلىپ قالغىنىدىن قاتتىق ھەيران قاپتۇ.

ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن ئاشۇ باللار، ئويۇنچۇقلار، ھېلىقى ھەشەمەتلىك قەسىر ئىشىكىدە تۇرغان گۈزەل ئۇسسۇلچى قىز ھەممىسى ئۆز جايىدا تۇرغۇدەك. ئۇ قىز ھېلىمۇ بىر پۇتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر پۇتى بىلەن ھارماي - تالماي تۇرۇپتىمىش. قەلەي ئەسكەر قىزنىڭ قەيسەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ يىغلىۋەتكىلى قىل قاپتۇ، ئەمما سەت بولمىسۇن دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ قىزغا، قىز ئۇنىڭغا تويماي قاراپتۇ، لېكىن گەپلەشمەپتۇ.

توساتتىن، بىر بالا ھېچقانداق باھانە - سەۋەبسىزلا قەلەي ئەسكەرنى ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلاپتۇ، بۇمۇ تاماكا قۇتىسىدىن چىققان ھېلىقى جادۇگەرنىڭ شۇملۇقى ئىكەن.



قەلەي ئەسكەرنىڭ پۈتۈن ئەزايى قىزىپ ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمما بۇ ئوتنىڭ ھارارىتىمۇ ياكى مۇھەببەتنىڭمۇ بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆچۈپ كېتىپتۇ، ئۇ بۇنىڭ سەپەر جەريانىدا شۇنداق بولغانلىقىنىمۇ ياكى بولمىسا ئازابتىن شۇنداق بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەپتۇ، ئۇنىڭ ھېلىقى گۈزەل قىزغا قاراپ تۇرغىنى تۇرغانىكەن، قىزمۇ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيدىكەن.

قەلەي ئەسكەر ئۆزىنىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇپ تىككىدە تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا، ھېلىقى نازىنىن قىز قانداقتۇر بىر كارامەت بىلەن ئوچاققا، قەلەي ئەسكەرنىڭ يېنىغىلا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ ـ دە، بىر پارچە يالقۇنغا ئايلىنىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قەلەي ئەسكەرمۇ بىر كاللەك قەلەيگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئەتىسى خىزمەتكار ئايال ئوچاقنىڭ كۈلىنى تارتىۋېتىپ، قەلەي ئەسكەرنىڭ كىچىك بىر قەلەي يۈرەككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇسسۇلچى قىزنىڭ لېنتىسىدىكى جۇلالىق بۇلاپكىنىڭ كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

# ياۋا ئاق قۇ

تولىمۇ يىراق، تولىمۇ يىراق ماكاندا، بىزنىڭ بۇ يەردە قىش كەلسە قارلىغاچلار ئۇچۇپ بارىدىغان ئاشۇ جايدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئون بىر ئوغلى، بىر قىزى بار ئىكەن. ئون بىر شاھزادە مەيدىسىگە يۇلتۇز شەكىللىك ئىزناك قاداپ، يېنىغا قىلىچ ئېسىپ مەكتەپكە بارىدىكەن. ئۇلار بىرلىيانت قەلەم بىلەن ئالتۇندىن ياسالغان دوسكىغا خەت يازىدىكەن، ئوقۇغان كىتابنى باشتىن ـ ئاخىر يادلاپ ھەم ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلەيدىكەن. كىتاب ئوقۇشىغا قاراپلا، ئۇلارنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

ئۇلارنىڭ سىڭلىسى مەلىكە ئېلىسا ئەينەكتىن ياسالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىممىتى خەزىنىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان قىممەتلىك بىر كىتابنى ئوقۇپ

ئولتۇرىدىكەن.

شۇنداق ئىكەن، شاھزادىلەر بىلەن مەلىكە ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشايدىكەن. ئەمما ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماپتۇ، بەخت ئۇلارغا مەڭگۈ يار بولماپتۇ.

باللارنىڭ شاھ ئاتىسى ئىلگىرىكىدىن بىشەم، ئازازۇل بىر خوتۇننى ئاپتۇ. بۇ زەھەرخەندە خوتۇن بىچارە باللارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن، ئۇلار بۇنى ئۇ خوتۇن ئۆيگە كىرگەن تۇنجى كۈنىلا سېزىپ بوپتۇ.

توي كۈنى ئوردىنىڭ ئىچى خۇشال - خۇراملىققا، نەغمە - ناۋاغا تولۇپتۇ، ئەمما ئۇلار قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەپتۇ. بىشەم خوتۇن ئاشقان - تاشقان تاماقلارنىمۇ باللاردىن قىزغىنىپ، ئۇلارغا بىر ئىستاكاندىن قۇم بېرىپتۇ ۋە مۇشۇنى تاماق ئورنىدا يەڭلار، دەپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ خوتۇن شاھزادىلەرنىڭ سىڭلىسى ئېلىسانى يېزىدىكى بىر دېھقانغا بېقىۋېلىشقا بېرىۋېتىپتۇ، بۇمۇ يەتمىگەندەك، پادىشاھقا شاھزادىلەرنى يالغان - ياۋىداقتىن چېقىشتۇرۇۋېرىپ، پادىشاھنى باللىرىغا قارىماس قىلىۋېتىپتۇ.

— جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، سىرتلارغا چىقىپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار، — دەپتۇ زەھەرخەندە خوتۇن، — خۇددى ئاۋازسىز قۇشلارغا ئوخشاش يىراق - يىراقلارغا جىمجىت ئۇچۇپ كېتىڭلار.

لېكىن، شاھزادىلەر ئۇ خوتۇننىڭ كۆتكىنىدەك ئاۋازسىز قۇشلارغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتمەستىن،

ئەكسىچە ئۇن بىر ئاق قۇغا ئايلىنىپ، مۆڭلۈك سايرىغىنىچە ئوردىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاق قۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئورمانلىقلاردىن، دالا - ئېتىزلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ سىڭلىسى بار يېزىغا كەلگەندە تېخى بەك ئەتىگەن ئىكەن.

ئۇلار دېھقانىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۇچۇپ ئۆتكۈچە بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ كېتىپتۇ، ئەمما بۇنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ ھەم تۇيماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزغىنىچە يىراقلارغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇلار شۇ ئۇچقىنىچە قاپقاراڭغۇ ئورمانلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپى دېڭىز ساھىلى ئىكەن.

بىچارە ئېلىسا ئوينىغۇدەك ئويۇنچۇقى بولمىغاچقا، ئەتىدىن - كەچكىچە يوپۇرماق ئوينايدىكەن. ئۇ يوپۇرماقنى تېشىپ، شۇ تۆشۈكتىن قۇياشقا قاراپ، ئاكىلىرىنىڭ ئىللىق چېھرى بىلەن، نۇرلۇق كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولىدىكەن، ئىللىق قۇياش نۇرىنىڭ تەپتى يۈزىگە تەگسە، مەڭزىگە ئاكىلىرىنىڭ سۆيگەنلىرىنى سېغىنىدىكەن.

كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، ئېلىسانىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. سەلكىن شامال ھويلىدىكى ئەتىر گۈللەرنى سۆيۈۋېتىپ، گۈللەردىن:

— مەندىنمۇ چىرايلىق كىم بار؟ — دەپ سورىسا،



ئەتىرگۈللەر:

— ئېلىسا بار، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

دېھقانىنىڭ خوتۇنى يەكشەنبە كۈنى ئىشىك ئالدىدا مۇناجات كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇرغاندا، شامال كېلىپ كىتابتىن:

— دۇنيادا سەندىنمۇ تەقۋادار كىم بار؟ — دەپ

سورىسا، مۇناجات كىتابى:

— ئېلىسا ! — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

ئەتىر گۇللەر بىلەن مۇناجات كىتابىنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەت ئىكەن.

ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەندە ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. خانىش ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ ئىچى تېخىمۇ ئاداپ، ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىمۇ ئاكىلىرىغا ئوخشاش ئاق قۇغا ئايلاندۇرۇۋەتكۇسى كەپتۇ، لېكىن پادىشاھ قىزىمنى بىر كۆرسەم دېگەنلىكى ئۈچۈن، دەماللىققا قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى خانىش ھاممامغا كىرىپتۇ. بۇ ھاممام شۇنچىلىك ياسىداق ئىكەنكى، تاملىرى مەرمەردىن، دەم ئالىدىغان تۆشەكلىرى پەي بىلەن ماھۇتتىن ئىكەن.

ئۇنىڭ ئالدىغا بىر - بىرىدىن سەت ئۈچ پاقا كەپتىكەن، ئۇ پاقىلارنى بىر - بىرلەپ سۆيۈپتۇ، ئاندىن بىر پاقىغا:

— ئېلىسا كۆلچەككە چۈشكەن ھامان ئۇنىڭ بېشىغا چىقىۋال، ئۇمۇ سەندەك دۆت ھەم ھۇرۇن بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ، ئاندىن ئىككىنچى پاقىغا، — سەن ئۇنىڭ يۈزىگە چىقىۋال، ئۇ سەندىنمۇ ئۆتە بەتبەشىرە، سەت بولۇپ قالسۇنكى، دادىسى تونۇيالمايلا قالسۇن، — دەپتۇ.

خانىش ئۈچىنچى پاقىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ:

— سەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىغا چاپلىشىۋال،

ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ رەزىللىككە تولسۇن، بۇ رەزىللىكلەر ئۇنىڭ بېشىغا بالا بولسۇن، — دەپتۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئۈچ پاقىنى سۇغا قويۇپ بېرىپتىكەن، سۇپسۈزۈك سۇ شۇ هامان يېشىل بولۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن خانىش ئېلىسانى چاقىرىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ سۇغا چۈشۈرۈپتۇ.

ئېلىسا سۇغا كىرىشىگە، بىر پاقا بېشىغا، بىر پاقا يۈزىگە، يەنە بىر پاقا مەيدىسىگە چاپلىشىۋاپتۇ. بىراق، ئېلىسا ئۇلارغا دىققەت قىلماپتۇ. ئۇ سۇدىن چىقىپ شۇنداق قارىسا كۆلچەكتە ئۈچ تال نېلۇپەر گۈلى لەيلەپ يۈرگۈدەك. ئەگەر ئۇ ئۈچ جانىۋارنىڭ زەهىرى بولمىسا، يەنە كېلىپ جادۇگەر خانىش سۆيۈپ قويمىغان بولسا، ئۇلار ئەسلىي ئۈچ تال قىزىل ئەتىر گۈلگە ئايلىنارىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئېلىسانىڭ بەدىنى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن يەنىلا گۈلگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئېلىسا بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، بەكمۇ غۇبارسىز هەم سەممىي بولغاچقا، خانىشنىڭ جادۇسى ئۇنىڭغا ئۆتمەپتۇ.

قارا نىيەت خانىش ئۆزىنىڭ جادۇسىنىڭ كار قىلمىغىنىدىن غەزەپكە كېلىپ، ئېلىسانىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ياڭاق پوستىدىن چىقارغان مايىنى، يۈزىگە بورۇننى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل مەلهەمنى سۈرتۈپ، بوستان چاچلىرىنى چۇۋۇپ پاخمىباش قىلىۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئېلىسانى هېچكىم تونۇيالمىغۇدەك هالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئۇنى كۆرگەن شاھ ئاتىسى قورقۇپ كېتىپ: «ۋاي،

بۇ قىزىم ئەمەس !» دەپتۇ. ئىشىك باقىدىغان ئىت بىلەن قارلىغاچلاردىن بۆلەك ھېچكىم ئۇنى تونۇيالماپتۇ. لېكىن، ئۇ بىچارىلەر زۇۋانىنى ئۇقتۇرالمايدىكەن.

بىچارە ئېلىسا قان يىغلاپتۇ، يىراقلارغا كەتكەن ئون بىر ئاكىسىنى چىن يۈرىكىدىن ياد ئېتىپتۇ، ئوردىدىن ئەلەم بىلەن ئايرىلىپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە مېڭىپتۇ، ئېتىزلاردىن، يايلاقلاردىن ئۆتۈپ بىر ئورمانلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، ئاكىلىرىنى تاپقان بولسام، دەپ ئارمان قىلىدىكەن، ئەمما ئۇ ئارمىنىغا قانداق يېتىشنى بىلمەي ئازابلىنىدىكەن.

بىر چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئېزىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دەم ئالماقچى بولۇپ، بېشىنى ئېگىزرەك يەرگە قويۇپ يۇمشاق چۆپنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئىچىدە دۇئا قىپتۇ.

ئەتراپ جىمجىت ئىكەن. ھاۋا تولىمۇ ئىللىق بولۇپ، نەچچە يۈز يالتىراق قوڭغۇز يېشىل رەڭلىك يۇلتۇزلاردەك ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا نۇر چېچىۋاتقۇدەك. ئۇ بىر چاتقالغا شۇنداقلا تېگىپ قويۇپتىكەن، يالتىراق قوڭغۇزلار خۇددى يۇلتۇزلاردەك ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپتۇ.

ئۇ كېچىچە ئاكىلىرىنى، ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىغانلىرىنى، ئالماس قەلەم بىلەن ئالتۇن دوسكىغا خەت يازغانلىرىنى، قىممىتى يېرىم پادىشاھلىققا تەڭ كېلىدىغان ھېلىقى كىتابنى چۈشەپ چىقىپتۇ. ئەمما بۇ

قېتىم ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگىنى ئالتۇن دوسكىغا قالايمىقان چىجىلغان نەرسىلەر بولماستىن، ئاكىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرى، كەچۈرمىشلىرى بوپتۇ. كىتابتىكى رەسىملەرمۇ بۇرۇنقىدەك جانسىز نەرسىلەر بولماستىن، ئۇنىڭدىكى قۇشلار سايرىشىۋاتقۇدەك، ئادەملەر كىتابتىن سەكرەپ چىقىپ ئېلىسا بىلەن ئاكىلىرىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقۇدەك. ئۇ كىتابنىڭ ۋارىقىنى شۇنداق ئۆرۈشىگە، ئۇلار يەنە ئۆز ئورنىغا قايتىپ جىم بولۇۋالغۇدەك.

ئېلىسا ئويغانغاندا قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، قۇياشنى ئېنىق كۆرەلمەپتۇ، پەقەت دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن تارام - تارام نۇرلار چۈشۈپ تۇرىدىكەن. گۈللەردىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق كەلسە، قۇشلار بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇۋېلىپ ناۋا ئەيلەيدىكەن، بۇ يەردە نەچچە كۆز بۇلاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۈيى يوغان بىر كۆلگە قۇيۇلىدىكەن. كۆلنىڭ ئەتراپى قويۇق چاتقاللىق ئىكەن.

ئېلىسا چاتقاللىقتىكى كېيىك، ماراللار ئاچقان يول بىلەن كۆل بويىغا كەپتۇ. كۆل سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك ئىكەنكى، تېگىدىكى چىرايلىق تاشلاردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك بېلىجانلارغىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

ئېلىسا سۈزۈك كۆل سۈيىدىكى ئەكسىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. سۇدىكى ئاشۇ بەتبەشىرە پاخمباش قىزنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى

كەلمەپتۇ. ئەمما، ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپتىكەن، قاشتېشىدەك سۈزۈك ھالىتىگە قايتىپتۇ. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ سۈزۈك سۇدا يۇيۇنۇپ چىقىپتىكەن، جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەل قىزغا ئايلىنىپتۇ.

ئۇ چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ، بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ، ئاندىن تەۋەككۇل دەپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىنى، شەپقەتلىك تەڭرىنى ياد ئېتىپتۇ. تەڭرىمۇ ھەقىقەتەن ئۇنى تاشلىۋەتمەپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشىپ ساڭگىلاپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ مېۋە بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، مېۋىسىنىڭ جىقلىقىدىن ئېگىلىپ كەتكەن شاخلارغا تىرەك قويۇپ قويۇپ، يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئەتراپ جىمجىت ئىكەن، پەقەت ئېلىسانىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسەلگەن يوپۇرماقلارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئورمانلىقتا نە بىرەر قۇش، نە قۇياش نۇرى چۈشكۈدەك بىرەر يوچۇق يوق ئىكەن، دەل - دەرەخلەرنىڭ قويۇقلۇقىدىن تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنىدىكەن. ئۇ بۇ قاراڭغۇ ئورمانلىقتا ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە، يېگانە ھېس قىپتۇ.

ئورمانلىق تۈم قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپتۇ. ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى يالتىراق قوڭغۇزلارمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا چۆپلۈكتە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ

شاخلىرى ئىككى ياققا ئايرىلغانداك زاھىر بوپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا مېھرىلىك بېقىپتۇ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ باش، بىلەكلىرىدە تۇرۇپ ئېلىساغا جىمجىت قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئويغانغاندا، كېچىدە كۆرگەنلىرىنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

ئۇ يولىغا يەنە راۋان بوپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا لىق بىر سېۋەت مېۋە كۆتۈرۈۋالغان بىر موماي ئۇچراپتۇ. موماي ئۇنىڭغا مېۋىلىرىدىن بېرىپتۇ. ئۇ مومايدىن:

— ئون بىر شاھزادىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، كۆرمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موماي، — ئەمما ئالتۇن تاجلىق ئون بىر ئاق قۇنىڭ بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس دەريادا ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆردۈم.

موماي ئېلىسانى باشلاپ بىر تاغ باغرىغا كەپتۇ. ئۇلار كېلىپ شۇنداق قارىسا، تۆۋەندە يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا تۇرغۇدەك، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانمىش.

ئېلىسا موماي بىلەن خوشلىشىپ، دەريا ياقىلاپ مېڭىپ كەڭ كەتكەن بىر دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قاپتۇ.

بۇ ناتىۋان قىزنىڭ ئالدىدا زۇمرەت دېڭىز قۇچاق ئېچىپتۇ، ئەمما دېڭىزدا نە بىرەر كېمە ياكى قولۋاق يوق ئىكەن. ئۇ ئەمدى ئالدىغا قاراپ ماڭالمايدىكەن.

ئۇ قارىسا قىرغاقتا ھەر خىل ئەينەك سۇنۇقلىرى، تۆمۈر پارچىلىرى، چوڭ - كىچىك تاشلار تۇرغۇدەك.

سۇنىڭ ئۇزۇن مەزگىل يالىشى بىلەن بۇ نەرسىلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئەمما دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ چىرايلىق قولىرىدىنمۇ ئۆتە سىلىق، ئىللىق ھەم يېقىملىق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئېلىسا ئىچىدە: «دېڭىز سۈيى ھارماي - تالماي دولقۇنلاپ، كۆۋەجەپ، شۇنچە قاتتىق نەرسىلەرنىمۇ سىلىقلاشتۇرۇپ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ھارماس بولۇشۇم كېرەك. رەھمەت ساڭا، ئەي زۇمرەت سۇ، ماڭا ئىلھام بەخش ئەتكىنىڭگە! يۇرىكىم ماڭا، ھامان بىر كۈنى سېنىڭ مېنى ئاكىلىرىم بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

سۇ قىرغاققا ئۇرۇپ چىقارغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا ئون بىر تال ئاق قۇ پېيى تۇرغۇدەك. ئېلىسا ئۇلارنى تېرىۋېلىپ قارىسا، ھەربىر تال پەينىڭ ئۈستىدە شەبنەم ياكى كۆز يېشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر تامچە سۇ تۇرغۇدەك.

دېڭىز بويى بەكمۇ غېرىبانە كۆرۈنىدىكەن، لېكىن ئېلىسا قىلچە غېرىبلىق ھېس قىلماپتۇ، دېڭىزنىڭ تىنىمسىز چايقىلىشلىرى، دولقۇنلىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىكەن. دېمىسىمۇ، بۇ يەردىكى نەچچە سائەتلىك ئۆزگىرىش كۆلنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەن. ئاسماندا شۇنداقلا قارا بۇلۇت پەيدا بولسا، دېڭىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكەندەك تۇم قارا رەڭگە كىرىدىكەن؛ شۇنداق شامالنىڭ شەپىسى كەلسە، دېڭىز دولقۇنى ئاق بۇژغۇنلاپ

توسۇن ئاتتەك چاپىدىكەن؛ ئاسمان شەپەق نۇرىغا چۆمۈلسە، دېڭىز سۈيى قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئۇزلىشىپ كېتىدىكەن؛ ئۇ تۇرۇپلا يېشىل رەڭگە كىرسە، تۇرۇپلا ئاق رەڭلىك كۆرۈنىدىكەن؛ ئۇ تىنچ ھالەتتە تۇرغاندىمۇ ساھىلدا سەلكىن شامال چىقىپ، دېڭىز سۈيى لەرزان تۇرۇلۇپ قىرغاقنى يېقىملىق سۆيۈپ تۇرىدىكەن.

كۈن ئولتۇراي دېگەندە، ئېلىسا بېشىدا ئالتۇن تاجىسى بار ئون بىر ئاق قۇنىڭ خۇددى ئۇزۇن ئاق لېنتىدەك قاتار بولۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ــ دە، دەرھال چاتقاللىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ.

ئاق قۇلار ئاپئاق قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇنىڭغا يېقىنلا يەرگە چۈشۈپتۇ.

قۇياش پېتىپتۇ. توساتتىن ئاق قۇلار پەي تاشلاپ چىرايلىق ئون بىر شاھزادىگە ئايلىنىپتۇ. ئېلىسا ئاكىلىرىنى تونۇپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆسۈپ چوپچوڭلا قىز بولۇپ قالغانلىقىدىن، گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئۇلار يومداقلىشىپ ھېلى يىغلىسا، ھېلى كۈلۈپ، بەختكە چۆمۈپتۇ، ئارقىدىن ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان شۇملۇقلىرىدىن دەرد تۆكۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاكىسى:

ــ بىز مانا مۇشۇنداق ئاق قۇغا ئايلىنىپ قالدۇق. بىز قۇياش چىقىشى بىلەن تەڭ ئاسماندا ئۇچۇپ

يۇرىمىز، قۇياش ئولتۇرغان ھامان ئەسلىمىزگە قايتىمىز. ئەگەر كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن چۈشىدىغان يېرىمىزنى تاللىۋالمىساق، ئادەملەرگە ئوخشاشلا چوڭقۇر دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىمىز. بىز تۇرىدىغان ماكان بۇ ئەمەس، بىز دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرىمىز، ئۇ يەرمۇ مۇشۇ يەرگە ئوخشاشلا گۈزەل، لېكىن ئۇ يەرنىڭ مەنزىلى بەكمۇ ئۇزاق. ئۇ يەرگە بارغۇچە بىز قونغۇدەك ئارالمۇ يوق، پەقەت بىز ئون بىرىمىز قىستىلىپ تۇرالىغۇدەكلا بىر خادا تاش بار. ئەگەر دېڭىز قاتتىق دولقۇنلاپ قالسا دولقۇنىنىڭ ئىچىدە قالىمىز، شۇنداقتىمۇ تەڭرىنىڭ بىزگە شۇ تاشنى بولسىمۇ ئاتا قىلغىنىغا مىڭ شۈكۈر. بىز ئادەملىكىمىزگە قايتقاندا، شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تۈنەيمىز. بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىككى كۈندە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ ئۆتەلەيمىز. تاش بولمىغان بولسا بىز قايتىپ كېلىپ ۋەتىنىمىزنى كۆرەلمەيتتۇق.

بىر يىلنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر قېتىملا سۆيۈملۈك يۇرتىمىزنى كۆرەلەيمىز ھەم پەقەت ئون بىر كۈنلا تۇرالايمىز. بۇ ئورمانلىقتىن ئۇچۇپ ئۆتسەك تۇغۇلغان شەھىرىمىزنى، دادىمىزنىڭ ئوردىسىنى، ئانىمىزنىڭ قەبرىسى بار چېركاۋنىڭ ئېگىز مۇنارىنى كۆرەلەيمىز. بۇ يەردىكى ھەربىر گىياھقىچە كۆزىمىزگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ ئۇنىڭدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيلا قالىمىز. خۇددى كىچىك ۋاقتىمىزدا كۆرگەندەك، ياپىيېشىل ئوتلاقلاردا چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى كۆرسەك، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پەرۋاز قىلىمىز، ناخشا ئېيتىۋاتقان



كوكۇسچى بوۋاينىڭ ناخشىسىغا كەلتۇرۇپ قانات قاقىمىز. بۇ يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولغاچقا، بىزنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ئەڭ سۆيۈملۈك سىڭلىمىزنى ئۇچراتتۇق. بىز بۇ يەردە يەنە ئىككى كۈنلا تۇرۇپ دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۇچۇپ كېتىمىز. ئۇ يەر ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ بەرىبىر ۋەتىنىمىز ئەمەس. بىز سېنى ئۇ يەرگە قانداق ئېلىپ كېتەرمىز؟ بىزدە كېمە تۇگۇل قېيىق چاغلىق نەرسە بولمىسا.

— قانداق قىلسام، مەن سىلەرنى قۇتۇلدۇرالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئېلىسا.

ئۇلار كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقىپتۇ، پەقەت ئىككى سائەتلا ئۇخلاپتۇ.

ئېلىسا ئاق قۇلارنىڭ قانات قېقىشىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئاكىلىرى ئاق قۇغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇلار ئۇنىڭ باش ئۇستىدە بىر چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك ئاق قۇ قېپقېلىپ، بېشىنى ئېلىسانىڭ تىزىغا قويۇپ يېتىپتۇ. ئۇلار كۈن بويى ئايرىلماپتۇ. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن باشقا ئاق قۇلارمۇ قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئەسلىدىكى ئىسكەتىگە قايتىپتۇ.

— ئەتە بىز بۇ يەردىن كېتىمىز، توپتوغرا بىر يىلدىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېلىمىز. لېكىن، بىز سەندىن بۇنداقلا ئايرىلىپ كەتمەيمىز. سەندە بىز بىلەن كەتكۈدەك جۈرئەت بارمۇ؟ قاناتلىرىمىزنىڭ سېنى

كۆتۈرۈپ دېڭىزدىن ئۆتكۈزگۈدەك كۈچى بار، — دەپتۇ ئاكىلىرى.
ئېلىسا قەتئىيلىك بىلەن:
— مەنمۇ سىلەر بىلەن كېتىمەن ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېچىچە ئۇخلىماي تال چىۋىق بىلەن قومۇشتا پۇختا بىر تور توقۇپتۇ. كۈن چىققاندا ئاكىلىرى يەنە ئاق قۇغا ئايلىنىپتۇ، ئۇخلاۋاتقان ئېلىسانى ئۇنىڭغا سېلىپ، تورنى چىشلىگىنىچە كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ.
بىر چاغدا كۈن نۇرى ئېلىسانىڭ يۈزىگە چۈشۈپتۇ، ئۇ يەنىلا ئويغانماپتۇ. بىر ئاكىسى ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ كەڭ قاناتلىرى بىلەن ئۇنى كۈن چىقىشتىن توسۇپ مېڭىپتۇ.
ئۇلار ئۇچۇپ قۇرۇقلۇقتىن خېلىلا يىراقلىغاندا، ئېلىسا ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئەتراپىغا، زۇمرەت دېڭىز، كۆك ئاسمانغا قاراپ چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن، دەپ قاپتۇ، ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇش ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىزىق ئىشتەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ يېنىغا قارىسا، پىشقان مېۋە - چېۋىلەر تۇرغۇدەك. بۇنى قانىتى بىلەن كۈننى توسقان ئەڭ كىچىك ئاكىسى ئۇنى ئۈسساپ قالسا، قورسىقى ئاچسا يېسۇن، دەپ تەييارلاپ قويغانىكەن.
ئۇلار شۇنچىلىك ئېگىز ئۇچۇپتۇكى، دېڭىزدا كېتىۋاتقان كېمە خۇددى بېلىقئالغۇچىلىك كۆرۈنۈپتۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى بۇلۇت خۇددى غايەت زور تاغدەك كۆرۈنۈپتۇ. ئېلىسا بىلەن ئاكىلىرى ئۇ بۇلۇتتىن ئۆز



ئەكسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار خۇددى بىر پارچە رەسىمدىكىدەك چىرايلىق تىزىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. قۇياش كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاغ يىراقتا قاپتۇ، مىدىرلاپ تۇرغان سايىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

ئۇلار خۇددى كۆكنى يېرىپ كېتىۋاتقان يا ئوقىدەك تېز ئۇچۇپتۇ، لېكىن سىڭلىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇۋاتقاچقا، سۈرئىتى يەنىلا بۇرۇنقىدەك تېز بولماپتۇ.

ئۇلار ساق بىر كۈن ئۇچۇپتۇ. ھاۋا بۇزۇلۇپ، كۈن ئولتۇرۇشقا ئازلا قاپتۇ، ئەمما دېڭىزدىكى ھېلىقى خادا تاشنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك. ئېلىسا تىت - تىت بولۇشقا باشلاپتۇ، ئاكىلىرىمۇ قاناتلىرىنى كۈچەپ قېقىپ جېدەللەپ ئۇچقىلى تۇرۇپتۇ. ئېلىسا ئۇلارنىڭ تېز ئۇچالماسلىقى ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئاكىلىرىغا ياردەم قىلالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. قۇياش پېتىپلا كەتسە، ئۇلار ئادەمگە ئايلىنىپ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدىكەن.

ئېلىسا چىن ئىخلاس بىلەن تەڭرىدىن مەدەت تىلەپتۇ، لېكىن خادا تاش يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ. بىر چاغدا، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ بوران - چاپقۇننىڭ شەپىسى كەپتۇ، ئارقىدىنلا چاقماق چېقىپ ئالەمنى مالەم قىپتۇ.

قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويۇپتۇ، ئېلىسانى تىترەك بېسىپتۇ. شۇ ئەسنادا، ئاق قۇلار پەسكە قاراپ شىددەت بىلەن شۇڭغۇپتۇ. «ئىم ! ئەمدى ھالاك بولىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلاپتۇ ئېلىسا، ئەمما ئاكىلىرى داۋاملىق ئۇچۇپتۇ. قۇياشنىڭ يېرىمى پېتىپ بوپتۇ، ئېلىسانىڭ كۆزىگە دېڭىز يىلپىزى چوڭلۇقىدىكى خادا تاش كۆرۈنۈپتۇ.

قۇياشمۇ تېز ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ پۇتى خادا تاشقا تېگىشى بىلەن تەڭ قۇياشمۇ ئاداققى نۇرلىرىنى چېچىپ بوپتۇ.

ئېلىسا ئېسىنى يىغىپ قارىسا، ئاكىلىرى ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ چەمبەر شەكلىدە

تۇرغۇدەك. خادا تاشقا ئۇلار ئاران - ئاران سىغقان بولۇپ، ئالىقانچىلىكمۇ بوش يەر يوق ئىمىش. دېڭىز سۈيى خادا تاشقا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن چاچرىغان سۇلار ئۇلارنى چىلىق - چىلىق سۇ قىلىۋېتىپتۇدەك. ئاسماندا چاقماق چېقىپ، دېڭىز دەھشەتلىك دولقۇنلاپ، دولقۇنلار نەرە تارتقاندەك شاۋقۇن سېلىپ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپتۇ. بىراق، ئاكا - سىڭىللار بىر - بىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، مۇقەددەس ناخشىنى ئېيتىشىپتۇ.

سۇبھى بىلەن تەڭ دېڭىز تىپتىنچ ھالەتكە كەپتۇ. كۆن چىققان ھامان ئاق قۇلار يەنە ئېلىسانى ئېلىپ خادا تاشتىن ئايرىلىپتۇ.

دېڭىز دولقۇنى يەنە كۆچىيىشكە باشلاپتۇ. ئاق قۇلار ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ. قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئالدى تەرەپتە مۇز تاغلار، مۇز تاغلار ئوتتۇرىسىدا! نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى ئوردا كۆرۈنۈپتۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۇ ئوردىنىڭ قاتار - قاتار تۈۋرۈكلىرى بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپىنى قويۇق ئورمانلىق ئوراپ تۇرىدىكەن. ئوردىنىڭ ئالدىدا تۈگمەن تېشى چوڭلۇقىدىكى ھەر خىل چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ تۇرارمىش.

ئېلىسا ئاكىلىرىدىن بىز بارىدىغان يەر مۇشۇمۇ دەپ سوراپتۇ، ئاكىلىرى بېشىنى چايقاپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەر پەرىشتە مورگانا[1]نىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىكى كۆزنى يۇمۇپ -

---

① مورگانا — ئەنگلىيە رىۋايەتلىرىدىكى بىر پەرىشتە بولۇپ، ھاۋادا تۇرلۇك خىيالىي كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلالايدىكەن.

ئاچقۇچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك خىيالىي ئوردىسى ئىكەن. ئاق قۇلار ئۇ يەرگە ئادەمزاتنى ئېلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

ئېلسا ئۇ گۈزەل ئوردىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرسا، توساتتىن تاغ - ئورمان، ئوردا، قەسىرلەر گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئون ئىككى ھەيۋەتلىك چىركاۋ پەيدا بولۇپ قاپتۇدەك. ئون ئىككى چىركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىن تارتىپ دېرىزىلىرىگىچە ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەن. ئېلساغا ئۇنىڭ ئىچىدىن پىئانىنو ئاۋازى ئاڭلانغاندەك زاھىر بوپتۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دېڭىز سۈيىنىڭ شاۋقۇنى ئىكەن.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار چىركاۋلارغا يېقىنلا يەرگە كېلىپ قاپتۇ. چىركاۋلارنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئاز قالغاندا، چىركاۋلار بىردىنلا كېمىلەرگە ئايلىنىپ دېڭىزدا قاتارلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئېلسا تۆۋەنگە قاراپ، ئۇلارنىڭ دېڭىز ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرگەن تۇمان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان خىيالىي كۆرۈنۈشلەر ئىكەن.

ئانچە ھايالشىمايلا، ئېلسا ئۆزلىرى بارماقچى بولغان ھېلىقى ئەلنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردە يېشىل تاغلار، قارىغاي، شەمشاد بىلەن ئورالغان بۈك ئورمانلار، شەھەر، ئوردىلار بار ئىكەن. كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار بىر تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ھەر خىل پىلەكلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، خۇددى رەڭدار گىلەمگە ئوخشايدىكەن.



ئەڭ كىچىك ئاكىسى ئىلىساغا ياتىدىغان ھۇجرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپ:

— قېنى بۇگۈن كېچە بۇ يەردە قانداق چۈشلەرنى كۆرەرسەنكىن، — دەپتۇ.

— سىلەرنى قانداق قىلسام ئەسلىڭلەرگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىسەم بولاتتى، — دەپتۇ ئېلىسا جاۋابەن.

بۇ خىيال ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورۇنلىشىۋالغاچقا، ئولتۇرسا - قوپسا خۇدادىن مەدەت تىلەيدىكەن، ھەتتا چۈشىدىمۇ تىنماي دۇئا قىلىدىكەن.

ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۇچۇپ مورگانانىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىكى ئوردىسىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ پەرىشتە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نۇر - زىيا تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭغا تازا زەن سېلىپ قارىسا، ئورمانلىقتا ئۇنىڭغا مېۋە بېرىپ، تاج تاقىغان ئاق قۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى دەپ بەرگەن مومايغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن.

— ئاكىلىرىڭ ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ پەرىشتە، — لېكىن سەندە چىدام - غەيرەت بارمۇ؟ دېڭىز سۈيى سېنىڭ قوللىرىڭدىنمۇ بەكرەك سىلىق، ئەمما ئۇلار تاشلارنىمۇ يالاپ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. سېنىڭ بارماقلىرىڭ ئازابنى، ئاغرىقنى سېزەلەيدۇ، ئۇنىڭدا يۈرەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سەن ھېس قىلغان ئازابنى، ئاغرىقنى ھېس قىلالمايدۇ. قولۇمدىكى چاققاقئوتنى كۆردۈڭمۇ؟ سەن تۇرغان ئۆڭكۈرنىڭ

ئەتراپىدا بۇنداق چاقچاقئوت نۇرغۇن، لېكىن شۇنى ئېيتىشىدە چېكى تۈگىمىدىكى، پەقەت چېركاۋ قەبرىستانلىقىدا ئۆسكەن چاقچاقئوتنىڭلا ئۇنۇمى بولىدۇ. ئۇنى يۇلغۇچە قوللىرىڭ ئېچىشىپ، ھۆررەك ئۆرلەپ كېتىدۇ. سەن ئۇنى دەسسەپ ـ چەيلەپ قوۋزىقىدىن ئايرىسەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن چىگە ئېشىپ ئون بىر دانە يوپۇق توقۇپ ئاق قۇلارنىڭ ئۇستىگە ياپىسەن. شۇنداق قىلساڭلا، ئۇلارغا قىلىنغان جادۇ ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشىدە مەھكەم تۇتمىساڭ بولمايدۇ. يەنى، سەن ئۇ ئىشنى باشلاپ يوپۇقلارنى ئاق قۇلارنىڭ ئۇستىگە ياپقۇچە قانچە يىل كەتسىمۇ، شۇنچە يىلغىچە گەپ قىلمايسەن. بىر ئېغىز گەپ قىلىپ سالساڭمۇ، شۇ بىر ئېغىز گېپىڭ ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىپ ئاكىلىرىڭنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتى تىلىڭنىڭ ئۇچىدىلا، بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

ئېلىسا چاقچاقئوتنى شۇنداق تۇتۇشىغا قولى ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپتىكەن، ئۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. يېنىغا قارىسا، چۈشىدە كۆرگىنى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بىر باغلام چاقچاقئوت تۇرغۇدەك. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا يۈزمىڭ رەھمەت ئېيتىپتۇ ـ دە، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش چاقچاقئوتنى تېپىش ئۈچۈن ئۆڭكۈردىن چىقىپتۇ.

ئۇ چېركاۋ قەبرىستانلىقىغا كېلىپ يۇمران قوللىرى بىلەن جانىنى قاقشىتىدىغان چاقچاقئوتنى يۇلۇشقا باشلاپتۇ. چاقچاقئوتلار ئۇنىڭ قول ـ بىلەكلىرىنى خۇددى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ قاپارتمىلارنى چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئەمما، ئېلىسا قىز ئاكىلىرىنى جادۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلاپ ھەرقانداق ئازابقا بەرداشلىق بېرىپتۇ. ئۇ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن چاققاقئۇتىنى دەسسەپ، چەيلەپ، چىگە چىقىرىپتۇ.

كۈن پاتقاندىن كېيىن ئاكىلىرى قايتىپ كەپتۇ، سىڭلىسىنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار زەھەرخەندە ئۆگەي ئانىمىز سىڭلىمىزغىمۇ جادۇ قىلىپتۇ دەپ ئويلىشىپتۇ، دەپ غەمگە چۆكۈپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ قول - بىلەكلىرىدىكى قاپارتمىلارنى كۆرۈپ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ، سىڭلىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ.

ئېلىسانىڭ ئەڭ كىچىك ئاكىسى سىڭلىسىغا چىدىماي ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆز يېشى تامغان يەردىكى زەھەرلىك قاپارتمىلار شۇ ھامان يېنىپ ئاغرىقى توختاپتۇ، قىزىللىقىمۇ تارقىلىپتۇ.

ئېلىسا كېچىچە ئۇخلىماپتۇ، چۈنكى ئاكىلىرىنى جادۇدىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلى ھەرگىز ئارامىغا چۈشمەيدىكەن.

ئۇ ئەتىسىمۇ ئاكىلىرى ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن يالغۇز قېلىپ توختىماستىن ئىشلەپتۇ، تۇنجى يوپۇقنى توقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى يوپۇقنى توقۇشقا باشلاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، تاغ تەرەپتىن قورشاۋ ئوۋنىڭ بۇرغا ساداسى كەپتۇ. ئېلىسا قورقۇپ كېتىپتۇ. بۇرغا ئاۋازى،

ئىت - تايغانلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيالىرى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ ھەمدە بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ. ئېلىسا قورقۇپ ئۆڭكۈرگە كىرىۋاپتۇ ۋە ئەشكەن چاققاقئوت تالالىرىنى ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

ئوۋ ئىتلىرى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاۋاشقا باشلاپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا ئوۋچىلار ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا توپلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىقى مۇشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئىكەن. ئۇ ئېلىسانىڭ قېشىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۆمرىدە بۇنداق گۈزەل قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەن.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز، ئەي گۈزەل قىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئېلىسادىن.

ئېلىسا گەپ قىلماستىن بېشىنى چايقاپتۇ، گەپ قىلىپلا سالسا، ئۇنىڭ بارلىق ئەقىدە - جاپاسى بەربات بولىدىكەن. ئۇ جاپادىن قارىداپ، قىزىرىپ، سەتلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى پادىشاھتىن يوشۇرۇپ پەرتۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىۋاپتۇ.

— مەن بىلەن كېتىڭ! — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ يەردە تۇرسىڭىز بولمايدۇ. يۈرىكىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش گۈزەل بولسا، مەن سىزنى زەر - كىمخاب، دۇر - جاۋاھىرلارغا كۆمۈۋېتىمەن، بېشىڭىزغا ئالتۇن تاج تاقاپ، سەلتەنىتىمنىڭ گۈلتاجى قىلىمەن.

پادىشاھ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېتىغا مىنگۈزمەكچى بوپتىكەن، ئېلىسا قوللىرى بىلەن: «ياق» دېگەن ئىشارىنى قىلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— مەن سىزنى بەختلىك قىلاي دەيمەن، ھامان بىر كۈنى بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ماڭا رەھمەت ئېيتىسىز، — دەپتۇ پادىشاھ، ئاندىن ئۇنى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كۆن پاتقاندا، ئۇلار ھەشەمەتلىك ئوردا ــ قەسىرلىرى، ئۆي ــ ئىمارەتلىرى، چىركاۋلىرى بار چىرايلىق بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئوردىنىڭ مەرمەردىن ياسالغان چوڭ زالىدا فونتانلار ئاسمان ــ پەلەك ئېتىلىپ تۇرىدىكەن، تاملىرىغا ھەر خىل بوياق رەسىملەر ئېسىۋېتىلگەنىكەن.

ئېلىسانىڭ بۇلاردىن زوقلانغۇدەك ھەپىسلىسى يوق ئىكەن. ئۇ ھەسرەتلىك يىغىدىن ئۆزە بولالماپتۇ. كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا زورمۇزور ئېسىل كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ، دۇر ــ جاۋاھىرلارنى تاقاپتۇ، قاپارتمىلار چىققان قوللىرىغا نەپىس پەلەي كىيگۈزۈپتۇ.

ئۇ ئېسىل كىيىملەر، زىبۇزىننەتلەر ئىچىدە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئۇزلىشىپ كېتىپتۇ، ئوردا ئەھلى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئالتۇن تاج تاقاپتۇ. ئوردا ئەھلى شادلىققا چۆمۈپتۇ. پەقەت باش ئېپىسكوپلا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:

— ئۇ ئورمانلىقتىكى ئالۋاستى، ئۇ سىلىنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپ، جادۇسى بىلەن قىلىپ، سىلىنى مەھلىيا قىلىۋالدى، — دەپ ئەسكەرتىسىمۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماپتۇ.

ئوردا سەنئەتكارلىرى ئويۇننى باشلىۋېتىپتۇ. ئاشپەزلەر ئۇستەللەرنى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىپتۇ. كېنىزەكلەر ئېلىسانىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ چېھرىدە نە كۈلكە، كۆزلىرىدە نە شادلىق ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنمەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى چارچاپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپ، كېنىزەكلەرنى ئۇنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ.

ھۇجرىنىڭ ھەممە يېرىگە ياپيېشىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، بەئەينى ئېلىسا ئۆزى تۇرغان غارغىلا ئوخشايمىش. پولدا ئۇ دەسسەپ - چەيلەپ چىقىرىپ قويغان بىر باغلام چاققاقئوت تالاسى، تامدا ئۆزى توقۇغان يوپۇقلار ئېسىقلىق تۇرارمىش. بىر ئوۋچى قىزنىقىپ قېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلگەنىكەن.

— بۇ يەردە سىز خۇددى بۇرۇن تۇرغان ئۆيىڭىزدە تۇرغاندەك تۇرىسىز، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇرۇن نېمە ئىش قىلغان بولسىڭىز، ھازىرمۇ شۇ ئىشنى قىلىسىز. شۇنچە ئېسىل كىيىنىۋېلىپ بۇرۇنقى كۈنلىرىڭىزنى ئەسلىسىڭىز، سىزگە قىزىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن.

ئېلىساغا بۇ نەرسىلەر تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ لېۋىگە كۈلكە، مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ ئاكىلىرىنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى ئويلاپ، مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن پادىشاھنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپتۇ ھەمدە چېركاۋلارنىڭ بارلىق قوڭغۇراقلىرىنى تەڭلا چېلىپ، توي مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاشقا

بۆيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، گۈزەل گاچا قىز بۇ ئەلنىڭ خانىشى بوپتۇ.

بۇ چاغدىمۇ باش ئېپىسكوپ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئېلىسانىڭ غەيۋەتىنى قىپتىكەن، پادىشاھ يەنىلا قۇلاق سالماپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

— بۇ توي چوقۇم بولىدۇ، خانىشلىق تاجىنى چوقۇم ئۆز قولىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا كىيگۈزىسىز! — دەپتۇ.

توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئىچى قارا باش ئېپىسكوپ ئالتۇن تاجنى ئېلىسانىڭ بېشىغا شۇنچىۋالا كۈچەپ كىيگۈزۈپتۇكى، تاج ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى ئاغرىتىپ، يۈزىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك توسۇۋاپتۇ. لېكىن، ئېلىسانىڭ يۈرىكى ئاكىلىرىنىڭ پىراقىدا ئۆرتىلىپ تۇرغاچقا، ئالتۇن تاجنىڭ بېشىنى شۇقەدەر ئاغرىتىۋەتكەنلىكىمۇ چىداپ، «ۋاي!» دېمەي تۇرۇپتۇ، بولمىسا باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ ئاكىلىرى جېنىدىن ئايرىلىدىكەن.

ئۇ ئاق كۆڭۈل، سۇمباتلىق، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىۋاتقان پادىشاھقا بولغان مېھرىنى، مىننەتدارلىقىنى كۆزلىرىدە ئىپادىلەپتۇ، ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپتۇ.

ئىست، ئېلىسا ئۆزىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆيگەن يارىغا ئېيتىپ بېرەلىگەن بولسا، ئىشلار يەنە باشقىچە بولار ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلىشقا ئامالسىز ئىكەن. شۇڭا، ئۇ يۇمغان ئاغزىنى ئاچماستىن ئىشىنى قىلىۋېرىشكە مەجبۇر

ئىكەن.

ئۇ كېچىلىرى پادىشاھنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پادىشاھ ئۆزىگە ئىنىئام قىلغان، غارغا ئوخشايدىغان ھۇجرىغا كىرىپ يوپۇق توقۇيدىكەن، يەتتىنچى يوپۇقنى توقۇشقا باشلىغان چاغدا چىگە يىپ تۈگەپ قاپتۇ.

ئۇ چېركاۋنىڭ قەبرىستانلىقىدىن چاققاقئوتنى ئۆزى ئەكەلمەكچى بوپتۇ، باشقىلارنى بۇيرۇي دېسە گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن، قانداق قىلىشنى بىلمەي تازا بېشى قېتىپتۇ.

«مەيلى، يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقىغا سېلىشتۇرغاندا قوللىرىمنىڭ ئاغرىقى نېمىتى؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقاي، خۇدا ماڭا مەدەت بېرەر.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى يامان ئىش قىلىۋاتقاندەك يۈرىكى پوك - پوك ھالدا ئوغرىلىقچە ئوردىدىن چىقىپتۇ، ئايدىڭدا ئەگرى - بۈگرى كوچىلاردىن ئۆتۈپ چېركاۋ قەبرىستانلىقىغا كەپتۇ، ئۇ يەردە بېشى ئاياللارنىڭ بېشىغا، ئايىغى زەھەرلىك يىلانغا ئوخشايدىغان بىر توپ قان ئىچەر ئالۋاستىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار يوغان بىر قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار جۇلدۇر كېپەن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن قوللىرى بىلەن يېڭى قەبرىلەرنى كولاپ ئېچىپ، جەسەتلەرنىڭ گۆشلىرىنى تىتىملاپ يەۋاتقۇدەك. ئېلىسا ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتمىسە بولمايدىكەن، ئۇلار ئۇنىڭغا تۆشۈكتەك كۆزلىرى

بىلەن يەۋەتكۈدەك قاراپتۇ. ئۇ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ، ھېچنېمىگە قارىماي بىر باغلام چاققاقئوت يۇلۇپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئۇنى بىرلا كىشى — باش ئېپىسكوپ كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ، ئۇ ھەرگىز خانىش ئەمەس، بەلكى جادۇگەر، ئۇ پادىشاھ بىلەن پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى جادۇ بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى، دېگەن ھۆكمىنى ئىسپاتلاپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى بىلەن كۆڭلىدىكى گۇمانىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن زەھەرخەندىلىك تېمىپ تۇرغان گەپلەر چىققاندا، چېركاۋدىكى ئەۋلىيا ھەيكەللىرى: «ئۇنداق ئەمەس، ئېلىسا گۇناھسىز !» دېگەندەك قىلىپ باشلىرىنى چايقىشىپتۇ. ئەمما، باش ئېپىسكوپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە باشقىچە تەبىر بېرىپ:

— بۇ ئەۋلىيالار ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدىماي، ئۇ ياخشى ئايال ئەمەس، دەپ باش چايقاۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ قاتتىق گۇمان ئىلكىدە ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، ئاندىن يالغاندىن قاتتىق ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئۇ ئېلىسانىڭ يېرىم كېچىدە ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى غار شەكىللىك ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىش ھەر كۈنى كەچتە تەكرارلىنىۋېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ چىرايى كۈندىن - كۈنگە تۇتۇلۇپ ئېلىساغا ئوچۇق چىراي ئاچماپتۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن ئېلىسا تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ دەردىگە ئەمدى بۇ دەرد قوشۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان مونچاق - مونچاق ياشلار خانىشلىق تونىغا چۈشۈپ خۇددى برىلىيانتتەك چاقناپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى تۈگەيلا دەپ قاپتۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر دانە يوپۇقنى توقۇۋەتسىلا بولىدىكەن، دەل شۇ چاغدا قېرىشقاندەك ئۇنىڭ چاققاقئوت تالالىرى يەنە تۈگەپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ چېركاۋ قەبرىستانلىقىغا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم بېرىپ چاققاقئوت يۇلۇپ كەلمەكچى بوپتۇ. قورقۇنچلۇق يولنى ۋە قەبرىستانلىقتىكى بەتبەشىرە ئالۋاستىلارنى ئويلىسا ئېلىسانىڭ بەدىنىنى تىترەك باسىدىكەن، ئەمما ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇشنى ئويلىسا ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىرادىسى خۇددى خۇداغا بولغان ئېتىقادىدەك كۈچلۈك ئىكەن.

ئېلىسا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قەبرىستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بىلەن باش ئېپىسكوپمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قارا كۆرە مېڭىپتۇ. ئېلىسا قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە يوقىلىپ كېتىپتۇ، ئۇلار دەرۋازىغا كېلىپ شۇنداق قارىسا، ئېلىسا كۆرگەن ھېلىقى ئالۋاستىلار قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك. ئېلىسانىمۇ ئاشۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئارىسىدا دەپ ئويلىغان پادىشاھ كەينىگە بۇرۇلۇپلا

مېڭىپتۇ، ئۇنىڭ تېخى بايىلا ئۆز باغرىدا ياتقانلىقىنى ئويلاپ پادىشاھنى سۇر بېسىپتۇ.

— ئۇنىڭغا خەلق ھۆكۈم قىلسۇن! — دەپتۇ پادىشاھ.

خەلق ئۇنىڭغا ئوتتا كۆيدۇرۇش①جازاسى ھۆكۈم قىپتۇ.

ئۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدىن بىراقلا زەي ھەم قاراڭغۇ تۇرمىگە تاشلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئېسىل لىباسلىرى سالدۇرۇۋېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماتادىن كىيىملەر كىيدۇرۇلۇپتۇ. ئۇ بۇلارنى ئانچە ئىچىگە ئېلىپ كەتمەپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا بېشىغا قويۇپ يات، دەپ ئۇ ئۆزى قەبرىستانلىقتىن يۇلۇپ كەلگەن ھېلىقى بىر باغلام چاققاقئوتنى، ئۇستۇڭگە يېيىپ دەپ توقۇپ پۈتتۇرگەن يوپۇقلارنى تاشلاپ بەرگەنىكەن. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ زور خۇشاللىق يوق ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئېلىسا باشقىدىنلا ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ ھەم خۇدادىن ئۆزىگە، ئاكىلىرىغا نىجاتلىق تىلەپتۇ. كىچىك باللار ئۇ ياتقان كامېرنىڭ روجىكى ئالدىغا كېلىپ ئۇنى تىللاپ ناخشا ئېيتىسىمۇ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىسىمۇ، ئۇ مەيۇسلەنمەي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

گۇگۇم مەھەلدە، ئاق قۇنىڭ قانات قاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئاكىسى بولۇپ، ئۇ سىڭلىسىنى ئىزدەپ، ئاخىر مۇشۇ يەردىن تاپقانىكەن.

---

① ئوتتۇرا ئەسىردە، ياۋروپالىقلار پېرىخونلارنى ئاشۇنداق جازالايدىكەن.

ئاكىسىنى كۆرۈپ ئېلىسا خۇشاللىقتىن يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئۇ بۇ كېچىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قىلچە قورقماپتۇ، چۈنكى ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى تۈگىتەي دەپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن.

باش ئېپىسكوپمۇ پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى سائەتلەردە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىكەن، ئېلىسا بېشىنى چايقاپ، كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىنى تەلەپ قىپتۇ. بۈگۈن كېچە ئۇ قولىدىكى ئىشىنى چوقۇم پۈتتۈرۈشى كېرەك ئىكەن. بولمىسا تارتقان شۇنچە جاپالىرى، تۆككەن شۇنچە كۆز ياشلىرى، ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن شۇنچە كېچىلەرنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولىدىكەن.

ئېپىسكوپ زەھەرلىك تىللار بىلەن ئۇنىڭغا تىل سېلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ بىگۇناھلىقىغا ئىشەنگەن بىچارە ئېلىسا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي يوپۇقىنى توقۇۋېرىپتۇ.

چاشقانلار چاققاقئۇتلارنى چىشلەپ ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ بېرىپتۇ؛ ئۇنى بوشىشىپ قالمىسۇن دەپ سۈرەتقاش روجەككە قونۇۋېلىپ كېچىچە سايراپ چىقىپتۇ.

تېخى تاڭ ئاتماستا، كۈن چىقىشقا بىر سائەت قالغاندا ئېلىسانىڭ ئون بىر ئاكىسى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ئوردىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ تېخى شېرىن ئۇيقۇدا بولغاچقا مۇلازىملار پادىشاھنى ئويغاتساق بولمايدۇ، دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى

رەت قىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇردا مەھرەملىرىگە يېلىنىپ بېقىپتۇ، پوپوزا قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن تەلىپىنى ئاقتۇرالماپتۇ. سىرتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن پادىشاھ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەي دەپ ئۆزى چىقىپتىكەن، ئاڭغىچە كۈن چىقىپ قاپتۇ ـ دە، شاھزادىلەر ئامالسىز ئاق قۇغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

پۈتۈن شەھەر خەلقى شەھەر قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا جادۇگەر ئايالنىڭ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈشىنى كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلىپتۇ. قېرى، ئورۇق ئات قېتىلغان مەھبۇس ھارۋىسى ئېلىسانى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا كاناپتىن تىكىلگەن ئاخىرەتلىك كىيىم كىيگۈزۈپ قويۇشقان بولۇپ، چىرايلىق چاچلىرى كېلىشكەن مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق، لەۋلىرى بوش تىترەۋاتقان بولسىمۇ، قولىدىكى ئىشىنى توختاتماپتۇ. ئۇ توقۇپ پۈتتۈرگەن ئون دانە يوپۇق ئالدىغا تاشلاقلىق بولۇپ ئون بىرىنچى يوپۇقنى توقۇش ھەلەكچىلىكىدە ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن پۇقرالار ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.

— قاراڭلار، ئۇ جادۇگەرگە! توختىماي ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇۋاتىدۇ، قولىدا ئىنجىلمۇ يوق، ئۆزىنىڭ ئالۋاستى كىيىمىنى توقۇش بىلەن ئاۋارە. ئۇنىڭ قولىدىكى ئالۋاستى كىيىمىنى تارتىۋېلىپ پارە ـ پارە قىلىۋېتەيلى! — دېيىشىپتۇ خالايىق.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەھبۇس ھارۋىسىغا يوپۇرۇلۇپ

كەپتۇ. شۇ ئەسنادا، ئون بىر ئاق قۇ ئۇچۇپ كېلىپ، ئېلىسانى خالايىقتىن ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۇلار قاناتلىرىنى قېقىپ، سىڭلىسىغا يېقىن كەلگەنلىكى ئادەمنى چوقۇش ئۇچۇن تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ تەڭرىنىڭ بېشارىتى! ئۇ چوقۇم گۇناھسىز! — دېيىشىپتۇ ئاۋام، ئەمما ئۇلار ئۇنلۇك خىتاب قىلىشقا پېتىنالماپتۇ.

جاللات كېلىپ ئېلىسانىڭ قولىدىن تارتىپتۇ. ئۇ دەرھال ئون بىر دانە يوپۇقنى ئاكىلىرىغا ئارتىپ قويغانىكەن، خالايىقنىڭ ئالدىدا كېلىشكەن ئون بىر شاھزادە پەيدا بوپتۇ. شۇغىنىسى، ئەڭ كىچىك ئاكىسىنىڭ بىر قولى قانات پېتىچە قاپتۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئېلىسا ئۇنىڭ يوپۇقىنىڭ بىر يېڭىنى تېخى توقۇپ بولالماپتىكەن.

— ئەمدى گەپ قىلسام ماڭا راۋا! — دەپتۇ ئېلىسا يۇقىرى ئاۋازدا، — مەن گۇناھسىز!

بولغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان، ئېلىسانىڭ گېپىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئاۋام دەرھال ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئەمما، ئۇ يۈرەكئالدىلىق، جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەتنى تولا تارتىپ ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ھوشىدىن كېتىپ ئاكىلىرىنىڭ قولىغا پوككىدە يىقىلىپتۇ.

— بەرھەق، ئۇ گۇناھسىز! — دەپتۇ چوڭ ئاكىسى، ئاندىن ئۇ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى خالايىققا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، بىرەر يۈزمىڭ تال ئەتىرگۈل ئېچىلغاندەك خۇشبۇي تارقىلىپتۇ. ئەسلىدە، ئېلىسانى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن دۆۋىلەپ قويۇلغان ياغاچلار يىلتىز تارتىپ، بىخ سۈرۈپ ئەتىرگۈلگە ئايلانغان، ئەتىرگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان خۇش پۇراقلارنى تارقىتىۋاتقانىكەن.

پادىشاھ ئەتىرگۈللەرنىڭ ئارىسىدىكى چىرايلىقلىقىدىن نۇر چېچىۋاتقان بىر تال ئاق ئەتىرگۈلنى ئېلىپ ئېلىسانىڭ مەيدىسىگە شۇنداق قويۇشىغا، ئۇ ھوشىغا كەپتۇ ـ دە، بەخت ۋە ھاياجانغا چۆمۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، چىركاۋ قوڭغۇراقلىرى جاراڭلاپتۇ، قۇشلار ناۋا ئەيلەپتۇ. جازا كۆرگىلى كەلگەن شەھەر خەلقى توي ئۇزىتىۋاتقان توي ئەھلىگە ئايلىنىپتۇ. بۇنداق كاتتا سورۇن، بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرە دۇنيادا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىكەن.

# گۈل پەرى

گۈلزارلىقتىكى ئەتىرگۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر تال ئەتىرگۈل گۈل پەرىنىڭ پاناھگاھى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بۇ ھال رەڭ ھۇجرىسىدا تىنچ، خاتىرجەم ياشايدىكەن، ئۇ شۇنچىلىك كىچىك ئىكەنكى، ئىنسانلار ئۇنى كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىكەن. لېكىن، ئۇ كىچىك بولغىنى بىلەن بەكمۇ چىرايلىق ھەم ئوماق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدە پۇتلىرىنى يۆگەپ تۇرغۇدەك ئىككى قانىتى بار ئىكەن. ئۇ ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگىنىچە، گۈلدىن ــ گۈلگە قونۇپ ئوينايدىكەن، رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرنىڭ قانىتىغا چىقىۋېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، گۈل بەرگىلىرىنىڭ قانچە قەدەم

كېلىدىغىنىنى چامداپ باقىدىكەن، يوپۇرماقلارنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە مېڭىپ باقىدىكەن. بۇ بىزگە ناھايىتى قىسقا ئارىلىقتەك بىلىنگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى مۇسايە ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئاشۇنداق بىر يوپۇرماقنىڭ قانچە چامدام كېلىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ يۈرۈپ قۇياش پېتىپ ھاۋانىڭ سوۋۇپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتۇ. شەبنەم چۈشۈپ، شامال چىقىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ئالدىراپ ھال رەڭ ھۇجرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇغىنىسى، شامالدا جىمى ئەتىرگۈللەر بەرگىلىرىنى مەھكەم يىغىۋالغانىكەن، شۇڭا ئۇ گۈل بەرگى ھۇجرىسىغا كىرەلمەپتۇ. بىچارە گۈل پەرى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن كېچىسى تالادا قېپقالمىغانىكەن، ھەر كۈنى كېچىسى چىرايلىق گۈل ھۇجرىسىدا شېرىن چۈش كۆرۈپ ئۇخلايدىكەن. بۇگۈن كېچە ئۆلۈمۈمنى كۆرىدىغان بولدۇم، دەپتۇ ئۇ.

توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە گۈلزارلىقنىڭ چېتىدىكى ئۈچقاتلار ئېچىلىپ كەتكەن كارىدور كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بىرەر تال ئۈچقاتنىڭ ئىچىگە كىرىپ تاڭ ئاتقۇزماقچى بوپتۇ.

ئۇ ئۈچۈپ ئۇ يەرگە بېرىپتۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا بىر بەرنا يىگىت بىلەن بىر گۈزەل قىز تۇرغۇدەك. ئۇ ئىككىسى يېقىن ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، دەپ قەسەم ئىچىشۋاتقانمىش.

— شۇغىنىسى، بىز يەنە ئايرىلىپ كېتىدىغان



بولدۇق، — دەپتۇ يىگىت خورسىنىپ، — ئاكىمىز ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا مېنى يىراق دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئىشقا بۇيرۇدى. خەير ـ خوش، گۈزىلىم، سىز هامان مېنىڭ !

ئۇلار خوشلىشىپتۇ. قىز يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر تال ئەتىرگۈل غۇنچىسىنى تۇتۇپتۇ. ئۇ گۈلنى يىگىتكە بېرىشتىن بۇرۇن گۈلنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيۈپتىكەن، ئەتىرگۈل شۇ هامان پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل پەرى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۈل بەرگىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇ خۇش پۇراق گۈل بەرگىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ خوشلاشقان چاغدىكى شېرىن پاراڭلىرىنى ئاڭلىۋاپتۇ، يىگىت گۈلنى يۈرىكىگە بېسىپتىكەن، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ

گۇپۇلدەپ سوقۇشىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ يۈرەكنىڭ سوقۇشى شۇنچىلىك تېز ھەم كۈچلۈك ئىكەنكى، گۈل پەرى پەقەت ئۇخلىيالماپتۇ.

يىگىت قىزدىن ئايرىلىپ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان دەرەخلىكتە كېتىۋېتىپ گۈلنى توختىماي سۆيۈپتۇ. ئۇ گۈلنى شۇنچىلىك مېھىر بىلەن سۆيۈپتۇكى، گۈل پەرى نەپەس ئالالماي ئۆلۈپ قالغىلى قىل قاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغان بىر ئەر يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. ئۇ يېنىدىن خەنجەرنى ئېلىپلا گۈلنى سۆيۈپ تۇرغان يىگىتنىڭ قارنىغا تىقىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ ـ دە، ئۇنى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپتۇ. بۇ نامەرد مەلئۇن ھېلىقى گۈزەل قىزنىڭ ئاكىسى ئىكەن.

«ھەببەللى، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ قانخور، — ئۇنىڭ بۇ يەرگە كۆمۈلگەنلىكى ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلمەيدۇ. ئۇ يەر يۈزىدىن مەڭگۈ يوقالدى. دېمىسىمۇ ئۇ تاغ ـ دەريا، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئېشىپ يىراققا بارىدىغان تۇرسا، ئۇنداق يەرگە بارغان ئادەم قايتىپ كېلەلەمتى؟ سىڭلىممۇ ئەمدى مەندىن ئۇنى سۈرۈشتە قىلالمايدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى قۇرۇق غازاڭلارنى يىگىتنىڭ جەسىتىنىڭ ئۈستىگە پۈتى بىلەن تېپىپ يېپىپ قويۇپ، ئۆزىچە ئۇنى كۆمگەن يەرنى چاندۇرمىدىم، دەپ خاتىرجەم ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەمما ئۇ يالغۇز قايتماپتۇ. گۈل پەرى بىر تال يوپۇرماقنىڭ

ئۆستىگە چىقىۋاپتىكەن، ئۇ مەلئۇن يىگىتنى كۆمۈۋاتقان چاغدا، يوپۇرماق بىلەن بىللە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەنىكەن. ئۇ بېشىغا قالپىقىنى كىيىپتىكەن، گۈل پەرىنىڭ دېمى تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يول بويى بۇ ياۋۇزنى مىڭنى قارغاپ مېڭىپتۇ.

ئۇ مەلئۇن ئۆيىگە بېرىپ سىڭلىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بېقىپتۇ. ئۇ گۈزەل قىز خۇددى ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك چىرايلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇ چۈشىدە ئاشىقىنى تاغلاردىن ئېشىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپتۇ. مەلئۇن ئاكا زەھەرلىك ھىجايغىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپتىكەن، گۈل پەرى قونۇۋالغان ھېلىقى يوپۇرماق بېشىدىن قىزنىڭ كارىۋىتىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بۇنى سەزمەپتۇ ۋە بىردەم ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

گۈل پەرى غازاڭدىن ئاستا چۈشۈپ شېرىن ئۇيقۇدىكى قىزنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى شىۋىرلاپ بايان قىپتىكەن، ئۇنىڭ سۆزلىرى قىزنىڭ چۈشىدە ئايان بوپتۇ، ئۇ چۈشىدە ئاكىسىنىڭ ئاشىقىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۇنى قەيەرگە كۆمۈۋەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپتۇ. گۈل پەرى چۈشىدە ئۇنىڭغا يەنە: «كۆرگەنلىرىڭنى چۈش دەپ قالما، ئۇ بولغان ئىش. ئىشەنمىسەڭ، مەن قونۇۋالغان يوپۇرماق كارىۋىتىڭدا» دەپ بېشارەت بېرىپتۇ. گۈزەل قىز چۆچۈپ ئويغىنىپ ھەقىقەتەنمۇ بىر تال يوپۇرماقنىڭ كارىۋىتىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بىچارە قىز يىغلاپتۇ، يىغلاپتۇ، دەردىنى ئېيتىدىغان ھېچكىمنى تاپالماپتۇ.

قىزنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسى كېچە ـ كۈندۈز ئوچۇق تۇرىدىكەن، گۈل پەرى ئەتىرگۈللۈكىگە قايتىپ ئارامخۇدا ياشىسىمۇ بولاتتىكەن، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلماپتۇ، ئۇنىڭ ھىجران ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان قىزنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەپتۇ. ئۇ دېرىزىگە يېقىن يەردە ئۆسكەن ئەتىرگۈل بەرگىدە تۇرۇپ قىزغا قاراپ ئولتۇرىدىكەن.

ئاكىسى ئۇنىڭ يېنىغا خۇشال ھالدا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىكەن، بىراق بىچارە قىز يۈرىكىدىكى ئازابنى ئۇنىڭغا ئېيتالمايدىكەن.

جىمى جاھان كېچە قاراڭغۇلۇقىغا چۆمۈپتۇ. قىز ھۇجرىسىدىن ئاستا چىقىپ دەرەخلىككە كىرىپتۇ ۋە يىگىت كۆمۈلگەن يەردىكى دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ، قولى بىلەن غازاڭلارنى نېرى قىلىپ توپىنى كولاپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن كۆمۈلگەن ئاشىقىنى كولاپ ئاچىقىپتۇ. ئۇ شۇنچىۋالا قاتتىق يىغلاپتۇكى، ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ كېتىدىكەن. ئۇ تەڭرىدىن ئۆزىنىمۇ ئۆلۈم تىلەپتۇ.

ئۇنىڭ يىگىتىنىڭ جەسىتىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكۈسى بار ئىكەن، لېكىن كۈچى يەتمەيدىكەن، شۇڭا يىگىتنىڭ تېنىنى قايتىدىن كۆمۈپ قويۇپ، بېشىنى توپىنى قېقىۋېتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە يىگىت كۆمۈلگەن يەردىكى يەسمەن گۈلىنىڭ بىر تال شېخىنى ئالغاچ كېتىپتۇ.

قىز ئۆيگە بىرىپ يوغان بىر تەشتەكنىڭ ئاستىغا يىگىتنىڭ بېشىنى كۆمۈپ، ئۈستىگە يەسمەن گۈلىنى تىكىپ قويۇپتۇ.

قىزنىڭ بۇ ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىپ كەتكەن گۈل پەرىنىڭ زادى چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئۇ بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، دەپ ئەسلىدىكى ماكانى ـــ ھېلىقى ئەتىرگۈلنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ. ئەمما ئۇ چاغدا ئۇ ئەتىرگۈل تۆكۈلۈپ كەتكەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى شاخلارنىڭ ئۇچىدا ئاقىرىپ رەڭگىدىن كەتكەن نەچچە تال گۈل بەرگىلىرى قالغانىكەن.

«ھەي، ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى نېمىدېگەن قىسقا ـ ھە !» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ گۈل پەرى. ئاخىر ئۇ مىڭ تەستە بەرگىلىرى تېخى تۆكۈلمىگەن بىر تال ئەتىرگۈلنى تېپىپ ئۇنى ماكان قىپتۇ.

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ھېلىقى بىچارە قىزنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا بارىدىكەن، ھەر قېتىم بارغىنىدا ئۇ قىزنىڭ تەشتەككە قاراپ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدىكەن. ئۇ كۆزىدىن ئاققان يېشى بىلەن يەسمەن گۈلىنى سۇغىرىدىكەن. ئۇنىڭ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىشقا باشلاپتۇ، ئەمما يەسمەن گۈلى كۈندىن ـ كۈنگە ئايىنىپ، شاخلاپ، غۇنچە باغلاپتۇ. ئۇ گۈل غۇنچىلىرىنى توختىماي سۆيىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان ئاكىسى، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ دەپ ئۇنىڭغا خاپا بولىدىكەن. چۈنكى، ئۇ سىڭلىسىنىڭ نېمىشقا ئۇ گۈلگە قاراپ ياش



تۆكۈشنىڭ سىرىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ گۈلگە ئۈنچە مەھلىيا بولۇپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدىكەن.

ئۇ يىغلاپ چارچىغاندا دائىم تەشتەككە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالىدىكەن. گۈل پەرى ئۇنىڭ كۆزىگە قونۇۋېلىپ ئۇنىڭغا قىزنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن، گۈل پەرىلەرنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئامراقلىقىنى دەپ بېرىدىكەن.

قىز ئۆزىنىڭ ئاشىقى، گۈللەرنىڭ ھىدى توغرۇلۇق گۈل پەرىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ھەم شۇ ئۇخلىغانچە قايتا ئويغانماي، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ ئۆز ئاشىقى بىلەن تېپىشىپتۇ.

يەسمەن گۈلى ئاپئاق ھەم يوغان - يوغان ئېچىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە خۇش پۇراق چېچىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئاشۇنداق ئىپادىلەيدىكەن.

پورەكلەپ ئېچىلغان يەسمەن گۈلىنى كۆرۈپ قىزنىڭ ئاكىسىنىڭ يەنە نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ گۈلنى تەشتىكى بىلەنلا ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇۋاپتۇ.

گۈل پەرىمۇ يەسمەن گۈلى بىلەن قانخورنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ ئۇ گۈلدىن بۇ گۈلگە، ئۇ يوپۇرماقتىن بۇ يوپۇرماققا يۆتكىلىپ يۈرۈپ دەرەخلىكتىكى قاتىللىقىنى، ئۇلارنىڭ يىلتىزىدا يىگىتنىڭ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بېشى بارلىقىنى، گۈزەل قىزنىڭ سەرگۈزەشتىنى سۆزلەيدىكەن.

— بىزمۇ بىلىمىز، — دەيدىكەن يەسمەن گۈلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى، — بىز ئاشۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن، لەۋلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان.

گۈل پەرى ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەمكىن ھالىتىنى چۈشىنەلمەپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا قارىغىنىدىن رەنجىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۈل شىرنىسى يىغىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ قانخور ئاكىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. ھەسەل ھەرىلىرى بۇ ئىشنى ھەرە پادىشاھىغا مەلۇم قىپتۇ. ھەرە پادىشاھى ئۇلارنى ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ ئۇ مەلئۇننى چېقىپ ئۆلتۈرۈشكە

بۇيرۇپتۇ.

لېكىن، شۇ كۈنى كېچىسى، يەنى گۈزەل قىز ئۆلگەن تۈنجى ئاخشىمى، گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىۋاتقان يەسمەن گۈلىنىڭ ئىچىدىن قولىدا زەھەرلىك خەنجەر كۆتۈرگەن روھلار چىقىپ، قانخورنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاباھەتلىك چۈشلەرنى كۆرسىتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تىلىغا خەنجەر ئۇرۇپتۇ.

«ئۇھ، ھەرنېمە بولسا ئۆلگەنلەرنىڭ ئەنتىنى ئالدۇق.» ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە ئاپئاق پورەكلەپ ئېچىلغان يەسمەن گۈلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بەخىرامان ياشاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ھۇجرىنىڭ دېرىزىسى تاراقىدە ئېچىلىپ، ھەرە پادىشاھى ھەسەل ھەرىلىرىنى باشلاپ ئۇ مەلئۇننى چېقىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كىرىپتۇ.

ئەمما ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغانىكەن. ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ تۇرغانلار:

— ئۇنى يەسمەن گۈلى ئۆلتۈردى ! — دېيىشىپتۇ.

گۈل پەرى يەسمەن گۈلىنىڭ قىز - يىگىتنىڭ ئەنتىنى ئالغىنىنى ھەرىلەرنىڭ پادىشاھىغا ئېيتىپتۇ. ھەرە پادىشاھى بىلەن ھەرىلەر تەشتەكنىڭ ئەتراپىدا غوڭۇلدىشىپ، قانچە قوغلىسىمۇ كەتمەپتۇ.

بىر ئەر كىشى تەشتەكنى نېرىراق يۆتكىمەكچى بولۇپ كۆتۈرگەنىكەن، بىر ھەرە ئۇنىڭ قولىنى جان - جەھلى بىلەن چېقىپتۇ. ئۇ جان ئاچچىقىدا تەشتەكنى تاشلىۋېتىپتۇ.



تەشتەك چېقىلىپ ئىچىدىكى ئادەم بېشىنىڭ ئاپئاق سۆڭىكى چىقىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كارىۋاتتا ياتقان ئۆلۈكنىڭ ئەسلىي قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ھەسەل ھەرىلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ، يەسمەن گۈلىنىڭ ئىنتىقام ئالغانلىقىنى، گۈل پەرىنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ ئىنتىقام ئېلىشقا ئۈندىگەنلىكىنى مەدھىيىلەپ غەزەل ئوقۇپتۇ.

## شەمشاد

دەرەخلىكتە تولىمۇ چىرايلىق ئۆسكەن بىر تۈپ شەمشاد بار ئىكەن. ئۇ قۇياش نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، ئەتراپى ھەر خىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان تولىمۇ ياخشى يەردە ئۆسكەنىكەن. بىراق، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى تېزرەك ئۆسۈشتىلا بولغاچقا، ئىللىق قۇياشتىن نۇر ئېمىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگۈچىلىكى يوق ئىكەن. دېھقان بالىلىرىنىڭ بۆلجۈرگەن تەرگىلى كېلىپ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن: «نېمانداق كىچىك، نېمانداق ئوماق شەمشاد بۇ» دېيىشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەقەت ياقمايدىكەن.

بىر يىلدىن كېيىن ئۇ خېلىلا ئۆسۈپ قاپتۇ، يەنە بىر يىل ئۆتۈپ ئۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ قاپتۇ.

شەمشادنىڭ چەمبەرسىمان ئۆسكەن شاخلىرىنى سانىسىلا ئۇنىڭ قانچە يىللىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

— ئەستا، ئاۋۇ دەرەخلەردەك ئېگىز ئۆسسەم بولاتتى، — دەپ ئۇھسىنىپتۇ شەمشاد، — ئۇ چاغدا بېشىم كۆككە تاقاشقان، جىمى ئالەمنى كۆرەلىگەن بولاتتىم، شاخلىرىمنۇ يېيىلىپ ئەتراپنى بىر ئالاتتى، قۇشلار ماڭا ئۇۋۋا سېلىپ نەغمە - ناۋا قىلاتتى، مەنمۇ باشقا دەرەخلەرگە ئوخشاش شامالدا ئىرغاڭشىپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتىم.

ئۇنىڭ قۇياش نۇرى بىلەن، شەپەق بىلەن، شەپەق نۇرىدا قىزارغان بۇلۇتلار بىلەن پەقەت خۇشى يوق ئىكەن.

قىش كەپتۇ، يەر - جاھان ئاپئاق لىباسقا پۈركىنىپتۇ. بىر توشقان دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۇستىدە سەكرەپ ئويناپ، ئۇنىڭ چىشىغا بەكمۇ تېگىدىكەن.

ئىككى قىش ئۆتۈپ ئۈچىنچى قىشقا كەلگەندە، بۇ شەمشاد بەكلا ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ھېلىقى توشقانمۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئۇستىدىن سەكرەپ ئەمەس، تۈۋىدىن ئۆتىدىغان بوپتۇ. «تېزرەك ئۆسسەم بولاتتى، يەنىمۇ تېز ئۆسسەم بولاتتى» شەمشادنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ئويلايدىغىنى شۇلا ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش يوق ئىكەن.

كۈز كەپتۇ. ھەر يىلى مۇشۇ مەزگىلدە دەرەخ كەسكۈچىلەر كېلىپ ئەڭ يوغان دەرەخلەرنى كېسىپ ئەكېتىدىكەن. ئەمدى شەمشاد دەرىخىمۇ چوڭ بولۇپ

خېلى بىر نېمىنى بىلىپ قالغاچقىمىكىن، ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ ئاسمانىدىن غۇلاپ چۈشكەندەك چۈشۈپ يەردە يېتىشىنى كۆرۈپ يۈرىكى سىرقىرايدىغان بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ دەرەخلەر گۇلدۇرلەپ يىقىلغاندىن كېيىن شاخ ـ شۇمبىلىرى كېسىۋېتىلىپ ئادەم تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالىدىكەن، ئاندىن ھارۋىلارغا بېسىلىپ قاياققىدۇر ئېلىپ كېتىلىدىكەن.

ئۇلار نەگە بارىدۇ؟ نېمە قىسمەتلەرگە ئۇچرايدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

ئەتىيازدا قارلىغاچ، تۇرنىلار قايتىپ كەلگەندە، شەمشاد ئۇلاردىن:

— سىلەر چوڭ دەرەخلەرنىڭ نەگە ئەكېتىلگىنىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار سىلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قارلىغاچ بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيدىكەن، تۇرنا بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن بىلىمەن، مىسىرغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىمدا دېڭىزدىكى كېمىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇلارنى كۆردۈم. ئۇلار ھەيۋەتلىك ماچتىلارغا ئايلىنىپ گىدىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن شەمشادنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارغا ھەرقانچە سالام قىلساممۇ، ئۇلار سالىمىمنى ئىلىك ئالمىدى، — دەپتۇ.

— پاھ، مەنمۇ تېزرەك چوڭ بولۇپ، ئاشۇلاردەك دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كەزسەم قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! دېڭىز دېگەن قانداق نەرسىدۇ، ئۇ نېمىگە ئوخشايدىغاندۇ؟ — دەپ ئارمان قىپتۇ شەمشاد.

— ئۇنى مەنمۇ دەپ بىرەلمەيمەن، — دەپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ تۇرنا.

قۇياش شەمشادقا قاراپ:

— ياشلىقىڭدىن شادلانغىن، جىسمىڭدىكى ھاياتىي كۈچتىن شادلانغىن، شەمشاد! — دەپتۇ.

سەلكىن شامال شەمشادنى سۆيۈپ ئۆتىدىكەن، شەبنەملەر ئۇنىڭ باغرىغا تامىدىكەن، لېكىن بۇ بىغەرەزنىڭ بۇلارنىمۇ بىلگۈچىلىكى يوق ئىكەن.

مىلاد بايرىمى يېتىپ كەپتۇ. ياش - ياش شەمشادلار كېسىلىپتۇ. كېسىلگەن بۇ بىچارە شەمشادلار ھازىرقى ھالىتىگە شۈكۈر قىلمايدىغان بۇ شەمشادتىنمۇ ياش ھەم چىرايلىق ئىكەن. ئۇلارنى شاخ - يوپۇرماقلىرى بىلەن ئۆز پېتى توشۇپ ئەكېتىشىدىكەن.

— ئۇلارنى قەيەرگە ئاپىرىدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شەمشاد، — ئۇلارنىڭ بويى مېنىڭچىلىكمۇ ئەمەس، ئارىسىدىكى بىرى تېخى بەكلا كىچىك ئىكەن. كىشىلەر نېمىشقا ئۇلارنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى پۇتىۋەتمەيدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ھارۋىغا بېسىپ نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟

— بىز بىلىمىز! بىز بىلىمىز! — دەپ ۋىچىرلىشىپتۇ قۇشقاچلار، — بىز شەھەرلىكلەرنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ ھەممىنى كۆرۈۋالغان. ئۇلار دېگەنچۇ، شۇنداق ھەشەمەتلىك ياسالغان ئۆيلەردە راھەت كۆرىدۇ. ئۇلارنى ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇپ، شاخلىرىغا ئالتۇن رەڭلىك ئالما، تورت، ئويۇنچۇققا ئوخشاش ھەر خىل چىرايلىق نەرسىلەرنى ئېسىۋېتىدۇ. يەنە تېخى

نەچچە يۈز تال شامنى شاخ ـ يوپۇرماقلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ياندۇرۇپ يۈلتۈزدەك چاقنىتىۋېتىدۇ.

— يەنچۇ؟ — دەپتۇ شەمشاد، ھەسەت ئوتىدىن ئۇنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى تىترەپ كېتىپتۇ، — ئاندىن قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىز كۆرمىدۇق، ئىشقىلىپ كارامەت ھەم ئالامەت.

— مەنمۇ چىرايلىق شەمشادقا ئايلىنىپ، ئاشۇلار كۆرگەن راھەتنى كۆرەرمەنمۇ؟ — دەپتۇ شەمشاد خورسىنىپ، — بۇ دېڭىز ـ ئوكيانلاردا چايقىلىپ يۈرگەندىن ئەلا ئىكەن. ئەتىلا مىلاد بايرىمى بولسىكەن، ھازىر مەن بۇلتۇرقى شەمشادلاردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە باراقسانلىشىپ كەتتىم. شۇ تاپتا ھارۋىغا بېسىلىپ چىرايلىق ئۆيلەرگە ئېلىپ مېڭىلسام قانداق ياخشى بولاتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كۆزنى چاقناتقۇدەك ياساپ قويۇشسا، ئۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشلارغا ئۇچرايمەن. چۈنكى، ئۇلار مېنى بىكاردىن ـ بىكار بېزىمەيدۇ ـ دە! لېكىن، نېمە ئىش بۇ؟ يۈرىكىم ئەجەب ئېغىپ كېتىۋاتىدۇ يا؟ ئۇ ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ ئىلىشىپ قالماسمەن!

— بىز بىلەن بىللە ياشاپ، ياشلىق باھارىڭنى تەبىئەت قويىنىدا ئەركىن ـ ئازادە ئۆتكۈزگىن، — دەپتۇ قۇياش بىلەن ھاۋا.

بىراق ئۇلارنىڭ بۇ گېپىدىن شەمشاد خاپا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئۆسۈپتۇ، يوپۇرماقلىرى

قۇياش نۇرىدا ياپيېشىل تاۋلىنىپ، ئاللاھىدە ئىسكەت تۈزەپ قاپتۇ. ئۇنى كۆرگەنلىكى ئادەم:

— پاھ، ماۋۇ شەمشاد نېمىدېگەن كۆركەم ئۆسكەن ـ ھە ! — دەپ ماختايدىكەن.

ملاد بايرىمى كەپتۇ. ھەممە كىشىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇنجى بولۇپ ئۇ كېسىلىپتۇ.

پالتا ئۇنىڭ قورسىقىغا ھەربىر چېپىلغاندا، ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ ئىڭراپ تاشلايدىكەن، ئاخىر ئۇ ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ، قىلچە خۇشاللىق ھېس قىلماپتۇ. ئۆسۈپ چوڭ بولغان تۇپراقتىن، ساپ ھاۋادىن، قۇياش نۇرىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ھارۋىغا بېسىپ ماڭغاندا، ئەتراپىدىكى قەدىناس دوستلىرىدىن، گۈل ـ گىياھلاردىن، قۇشلارنىڭ ناۋاسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماپتۇ.

كىشىلەر ئۇنى چوڭ بىر قورۇغا ئەكىرىپ، باشقا دەرەخلەر بىلەن بىللە ھارۋىدىن چۈشۈرۈپتۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ شەمشاد ئېسىنى يىغىپ، كىشىلەرنىڭ:

«پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق دەرەخ بۇ، بۇ شەمشاد دەل كۆڭلىمىزدىكىدەك شەمشاد ئىكەن» دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، رەتلىك كىيىنگەن بىرنەچچە خىزمەتكار كېلىپ شەمشادنى كۆتۈرۈپ بەك يوغان ھەم بەك چىرايلىق مېھمانخانىغا ئەكىرىپتۇ. مېھمانخانىنىڭ تۆت تېمىغا ماي بوياق رەسىملەر ئېسىقلىق، پولغا ئېسىل زىلچا ـ گىلەملەر سېلىنغانىكەن. ئۆي

ئىچىدىكى ئېسىل جاھازلار كىشىنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىدىكەن.

خىزمەتكارلار شەمشادنى قوۋم بىلەن توشقۇزۇلغان ياغاچ تەشتەكنىڭ ئىچىگە تىكىپتۇ. ياغاچ تەشتەكنىڭ ئەتراپى يېشىل رەخت بىلەن ئورىۋېتىلگەچكە، ئۇنىڭ ياغاچتىن ياسالغان تەشتەك ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ پەرق قىلالمايدىكەن. ئۇ ياغاچ تەشتەك يوغان بىر پارچە گۈللۈك گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. بۇلارنى كۆرگەن شەمشاد تىترەپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇ نېمە ئىشلارنى كۆرەر؟

ئەر - ئاياڭ خىزمەتكارلار ئۇنى ياساشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ شاخلىرىغا ئالتۇن رەڭ بويالغان ئالما، ياڭاق، ھەر خىل مېۋىلەرنى خۇددى شەمشاد شېخىدا چۇشكەندەك قىلىپ ئېسىۋېتىپتۇ. يۇزدىن ئوشۇق قىزىل، يېشىل، سېرىق، ئاق رەڭلەردىكى شامنىمۇ شەمشادنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شەمشاد ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان يەنە بىر ئىش — ئۇلار پارقىراپ تۇرىدىغان تولىمۇ چوڭ بىر يۇلتۇزنى ئۇنىڭ ئەڭ ئۇچىغا قاداپ قويۇپتىكەن، باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ.

— بۇگۈن ئاخشاملىققا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرىمىز ! — دېيىشىپتۇ ھەممەيلەن.

«تېزرەك كەچ كىرسە، شاملارنى تۇگەل ياندۇرۇۋەتسە بوپتىكەن. ئۇ چاغدا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەرمەن ھەرقاچان، مېنى كۆرگىلى ئورماندىكى دەرەخلەر كېلەرمۇ؟ قۇشقاچلار دېرىزە سىرتىدىن مارىشارمۇ؟ مەن

بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ ئۆسەرمەنمۇ؟ ئۇلار مېنى دائىم مۇشۇنداق ياساندۇرارمۇ؟ قىشتىمۇ مۇشۇ ئىسسىق ئۆيدە راھەتتە ياشارمەنمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىپتۇ شەمشاد دەرىخى.

قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ ئوي - خىيالىنىڭ كۆپلۈكىگە! بىراق، ئۇ ئازراقلا مىدىرلاپ قويسا پۇتۇن ئەزايى - بەدىنى ئاغرىپ كېتىدىكەن.

ئاخىر شاملار يېقىلىپتۇ. پۈتۈن ئەتراپ يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە پەيدا بوپتۇ. شەمشادنىڭ ھەربىر شېخى مىدىرلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر شامدىن ئۇنىڭ شېخىغا ئوت تۇتىشىپ كېتىپ، پوستىنى كۆيدۈرۈپ قاتتىق ئېچىشتۇرۇۋېتىپتۇ.

شەمشادقا ئوت تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن خىزمەتكارلار ئالمان - تالمان كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ.

شەمشاد مىدىر - سىدىر قىلمىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

شام يورۇقى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ، بېشىنى قايدۇرۇۋېتىپتۇ.

توساتتىن، يوغان ئىشىك ئېچىلىپ بىر توپ بالا ئېتىلىپ كىرىپتۇ. مېنى ئۆرۈۋېتەرمۇ، دەپ شەمشادنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن چوڭلار ۋەزمىن قەدەملەر تاشلىغىنىچە كىرىپ كەپتۇ. يوغان ئۆينىڭ ئىچى شادلىق شاۋقۇنىغا تولۇپتۇ. ئۇلار شەمشادنى چۆرىدىگىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ، ئاندىن شاخلارغا ئېسىلغان سوۋغاتلارنى بىر - بىرلەپ ئاپتۇ.

«بۇلارنىڭ نېمە قىلىقىدۇ بۇ؟ ئەمدى نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟» دەپ ئويلاپتۇ شەمشاد.

شاملار كۆيۈپ تۈۋىگە كەلگەندە شەمشادنىڭ جېنى قاقشاشقا باشلاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى خىزمەتكارلار كېلىپ شاملارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپتۇ، ئاندىن باللار شەمشادنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق سوۋغاتلىقلارنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. شەمشادنىڭ شاخلىرى غىچىرلاپ كېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى شەمشادنىڭ ئۇچىدىكى يۇلتۇز بىلەن شەمشادنىڭ شېخى قوشۇلۇپ تورۇسقا چىڭگىلىك ئىكەن، بولمىسا باللار ئۇنى ئۆرۈۋېتەر ئىكەن.

باللار ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئالغاندىن كېيىن شەمشادنى چۆرىدەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئەمدى ئۆيدىكى قېرى خىزمەتكار ئايالدىن باشقا ھېچكىم شەمشادقا نەزەر - كۆزىنى سالماپتۇ. ئۇ ئايال قارىغاندىمۇ شاخلاردا قېپقالغان ئالما، ياڭاق، چىلانغا ئوخشاش نەرسىلەر بارمىكىن دەپ قاراپتۇ.

— ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ! ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ!— دەپتۇ باللار پاكار، سېمىز بىر ئەرنى شەمشادنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئەكېلىپ.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرايلى! مۇشۇنداق قىلساق، ئۆزىمىزنى خۇددى ئورمانلىقتا تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىسا، شەمشادقىمۇ پايدىسى بار. بىراق، مەن بىرلا ھېكايە ئېيتىمەن. يىۋېدى - ئاۋېدىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلامسىلەر ياكى پەلەمپەيدىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۇدۇل مەلىكىنىڭ قۇچىقىغا چۈشكەن ھەم ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان كالۋانىڭ ھېكايىسىنىمۇ؟ —



دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى.

— يىڭىدى - ئاۋىدىنىڭ ھېكايىسىنى !

— كالۋانىڭ ھېكايىسىنى !

بالىلار ھەر تەرەپتىن چۇرقىراشقىلى تۇرۇپتۇ، پەقەت شەمشادلا ئۇلارغا ئاۋاز قوشماي جىم تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «ئەڭ ياخشىسى بۇ بالىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي جىمۇ» دەپ ئويلاپتۇ، چۈنكى ئۇ بۇ بالىلارنىڭ پەيلىنى كۆرۈپ باققان - دە !

ھېلىقى ئەر كىشى پەلەمپەيدىن دومىلاپ ئۇدۇل مەلىكىنىڭ قۇچىقىغا چۈشكەن، كېيىن ئۇنى

خوتۇنلۇققا ئالغان كالۋانىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىر چەتتە جىممىدە ئۆرە تۇرغان شەمشاد: «ئورمانلىقتىكى قۇشلار بۇنداق ھېكايىنى ئېيتالمايتتى، تۇۋا، دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەن - ھە ! ئاۋۇ كالۋانىڭ پەلەمپەيدىن دومىلاپ ئۇدۇل مەلىكىنىڭ قۇچىقىغا چۈشكىنىنى، يەنە كېلىپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغىنىنى كۆرمەمدىغان» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن سۆيۈنۈپ، ئەتىمۇ مېنى بۇگۈنكىدەك ياساپ - جابدۇسا، باللار كېلىپ سوۋغاتلىرىنى ئالسا، ئاندىن ئەتراپىمدا ئولتۇرۇپ ھېكايە ئاڭلىسا دەپ ئارزۇ قىپتۇ ۋە ئەتىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ئارزۇ قىپتۇ.

ئۇ شۇنداق ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن ئەتىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپتۇ. تاڭ سەھەردە، بىر يىگىت بىلەن بىر خىزمەتكار ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كەپتۇ. «ھە، دېمىدىممۇ، ئۇلار مېنى ياساپ - جابدۇغىلى كەلدى» دەپ ئويلاپتۇ شەمشاد شېخىنى تۈزۈپ.

ئەمما، ئۇلار ئۇنى ئۆيدىن سۆرىگىنىچە بالىخانىغا ئاچىقىپ قاراڭغۇ بۇلۇڭغا تىقىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۇ يەردە قۇياش نۇرىنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرەلمەيدىكەن.

«بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ ئويلاپتۇ شەمشاد، — مەن بۇ يەردە نېمە ئىشمۇ قىلارمەن؟ يا ھېچنېمىنى كۆرمىسەم، يا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىسام.» ئۇ تامغا يانتۇ يۆلەنگىنىچە شۇلارنى ئويلاپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئويلىنىشىغا ۋاقىت دېگەن جىق ئىكەن.

كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلاپ ئۆتىۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بىرەرسىمۇ چىقىپ قويماپتۇ. ئاخىر بىر ئادەم چىقىپتۇ. بىراق، ئۇ ئۇنى كۆرگىلى ئەمەس، يوغان – يوغان يەشىكلەرنى بالىخانىغا ئاچىقىپ قويغىلى چىققانىكەن. ئۇ يەشىكلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىز قىلىپ قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئەمدى ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ.

«قىش كىرىپ قالدى، ھەممە يەر توڭلىدى، بۇ چاغدا ئۇلار مېنى ھەرگىز يەرگە تىكمەيدۇ، باھار كەلگۈچە مېنى قىشنى مۇشۇ يەردە ئىسسىق چىقىرىۋالسۇن، دېگەن ئوخشايدۇ. ئىنسانلار نېمىدېگەن ياخشى ! بۇ يەر بۇنچە قاراڭغۇ ھەم زېرىكىشلىك بولمىسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى. بىرەر – يېرىم توشقانمۇ چىقمايدىكەن دېسە بۇ يەرگە، شۇ تاپتا ئورمانلىقنىڭ ئىچى قىزىپ كەتتى – دە ! ھەممە يەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان. توشقانلار ئۇيان – بۇيان چېپىشىپ ئويناۋاتىدۇ – دە، جانىۋارلار. ئۇلار بىر چاغدا تېخى مېنىڭ ئۈستۈمدىنمۇ سەكرەپ ئۆتەتتى ئەمەسمۇ. شۇ چاغدا مەن ئەجەب خاپا بولۇپتىكەنمەن، مانا ئەمدى شۇ كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتىمەن، ئىسسىت.»

توساتتىن: «چىر – چىر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر كىچىك چاشقان بىر تۆشۈكتىن چىقىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىرى چىقىپتۇ. ئۇلار شەمشادنى پۇراپ بېقىپ، بىراقلا ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

— ھاۋا سوۋۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئۇلار، —

بولمىسا بۇ يەر بەك راھەت ئىدى، شۇنداقمۇ، قىرى شەمشاد ؟

— مەن قىرى ئەمەس، قىرى دەپ كەتكىنىنى، مەندىنمۇ قىرىلار شۇنچە جىق تۇرسا.

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ نىمىلەرنى بىلىسەن؟— دەپ سوراپتۇ ئۇلار قىزىققان ھالدا، — بىزگە ياخشى يەرلەرنى دەپ بەرگىنە. ياخشى يېمەكلىكلەر قويۇلغان ئامبار، قازناقلارغا بېرىپ باققانمۇ سەن؟ ئۇ يەرلەردىچۇ، تاختىبېشىدا ئىرىمچىك، قۇرۇتلار بار، تاملارغا سۇر گۆشلەر ئېسىلغان، بىزچۇ، يەپ - ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ماي تۇڭلىرىنىڭ ئۇستىدە ئۇسسۇل ئوينايمىز. ئۇنداق يەرلەرگە ئورۇق كىرىپ كېتىپ، سەمرىپ يېنىپ چىقىمىز.

— مەن ئۇنداق يەرلەرنى بىلمەيدىكەنمەن، بىراق مەن ئورمانلىقنى بىلىمەن. ئۇ يەرگە قۇياش تارام - تارام نۇرلىرىنى تۆكۈپ تۇرىدۇ، قۇشلار سايراپ نەغمە - ناۋا قىلىدۇ، — شەمشاد ئۇلارغا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنداق گەپلەرنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان چاشقانلار ئۇنىڭ گەپلىرىنى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقان ھالدا ئاڭلاپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭ نىمانداق جىق سېنىڭ. ۋاي سەن نىمىدېگەن بەختلىك ! — دەپ چىرىلدىشىپتۇ چاشقانلار.

— مەن؟ — دەپتۇ شەمشاد، ئاندىن ئۇ مىلاد كېچىسىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ، — راست دەيسىلەر، ئۇ

ئاجايىپ كۆڭۈللۈك كۈن ئىدى، — دەپتۇ ۋە شۇ كۈنكى ئىشلارنى ماختىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— پاھ، — دەپتۇ كىچىك چاشقان، — سەن نېمانچە بەختلىك، قېرى شەمشاد.

— مەن قېرى ئەمەس، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ شەمشاد، — مەن تېخى مۇشۇ قىشتىلا ئورمانلىقتىن چىققان. مېنىڭ هازىر دەل ئالتۇندەك چاغلىرىم، شۇغىنىسى، بۇ يەردە مېنىڭ بويۇم پەقەت ئۆسمىدى.

— ئەجەب تەسىرلىك سۆزلەيدىكەنسەن.

ئەتىسى ئاخشىمى ئۇلار يەنە تۆت چاشقاننى باشلاپ كېلىپ شەمشادنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ. سۆزلىگەنسېرى شەمشادنىڭ كۆز ئالدىغا بۇرۇنقى ئىشلار كېلىۋاپتۇ.

«ئەجەبمۇ مەنىلىك ئۆتكەن كۈنلەر ئىكەن. هېچ ۋەقەسى يوق، ياخشى كۈنلەر يەنە كېلىدۇ. كالۋا جېنىدا پەلەمپەيدىن دومىلاپ چۈشۈپ مەلىكىنى ئاپتىكەنغۇ. مەنمۇ بىرەر مەلىكىنى ئېلىپ قالىمەنمۇ تېخى». شەمشادنىڭ ئېسىگە گۈپپىدە ئورمانلىقتىكى ئوماق قېيىن دەرىخى كەپتۇ.

— كالۋا دېگەننىڭ هېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگىنە.

شۇنىڭ بىلەن شەمشاد كالۋانىڭ هېكايىسىنى باشتىن - ئاخىر ناهايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. كىچىك چاشقانلار قىزىققىنىدىن ئۇنىڭ شېخىغا چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئۇنىڭدىنمۇ جىق چاشقانلار كەپتۇ. شەمشاد بىر هېكايىنى قايتا - قايتا ئېيتىۋېرىپتىكەن،

چاشقانلار زېرىكىشكە باشلاپتۇ.

— بۇنىڭدىن باشقا ھېكايە بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ ئۇلار.

— مۇشۇ بىرلا ھېكايىنى بىلىمەن. مەن بۇنى ئاشۇ بەختلىك ئاخشامدا ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلماپتىكەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەمشاد.

— بۇ ھېكايە بەكلا تېتىقسىز ئىكەن. سەن سۇر گۆش، مايدا ياسالغان شام، يېمەكلىك مول قازناق توغرۇلۇق ھېكايىلەرنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، رەھمەت ساڭا ! — چوڭ چاشقان شۇنداق دەپتۇ ـ دە، بالا چاشقانلارنى ئەگەشتۈرۈپ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

شەمشاد خورسىنغان ھالدا:

— ئىسىت، چاشقان باللىرىنىڭ مېنى چۆرىدەپ ھېكايە ئاڭلىشىمۇ خېلى كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. بۇمۇ يوق بولدى. ئەمما، مېنى قايتىدىن ئاچقىپ ياساپ ـ جابدۇغاندا، خۇشاللىقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشنى ئۇنتۇماسلىقىم كېرەك.

كېيىنچۇ، كېيىن نېمە بوپتۇ، بىلەمسىلەر؟ بىر ـ قانچە ئادەم چىقىپ بالىخانىنى رەتلەپ، تازىلاپتۇ. ئۇلار يەشىكلەرنى بىر ياققا يۆتكىۋېتىپ شەمشادنى سۆرەپ ئاچقىپ شوتىدىنلا پوككىدە يەرگە تاشلاپتۇ. بىر يىگىت ئۇنى ئاپىرىپ كارىدورنىڭ كۈن قاتتىق چۈشىدىغان بىر تېمىغا ئاپىرىپ يۆلەپ قويۇپتۇ.

«تۇرمۇشۇم يېڭىباشتىن باشلىنىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپتۇ شەمشاد. ئۇ ساپ هاۋا بىلەن ئەتىگەنلىك قوياشنىڭ هاراررتىنى هېس قىپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ هەيران قاپتۇ.

قورۇنىڭ ئىچىدە تاكى چوڭ دەرۋازىغىچە سوزۇلغان تولىمۇ يوغان گۇللۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا هەر خىل چىرايلىق گۇللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. مەجنۇنتاللار ئېگىلىپ، لىپا دەرىخى (ئارغۇۋان دەرىخى) گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەنىكەن. قارلىغاچلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇشۇپ:

— ئاشىقىم قايتىپ كەلدى !

— مەشۇقۇم قايتىپ كەلدى ! — دەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقۇدەك.

شەمشاد خۇشال بولۇپ: «ئەمدى ياشايدىغان بولدۇم ـ دە !» دەپ شاخلىرىنى كەرگەنىكەن، غازاڭغا ئايلانغان يوپۇرماقلىرى شالدۇر ـ شۇلدۇر قىلغىنىچە تۆكۈلۈپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز شېخىغا چىگىپ قويۇلغان چوڭ يۇلتۇزلا قوياش نۇرىدا چاقناپ تۇرىدىكەن.

قورۇدا ئىككى بالا ئويناۋاتقان بولۇپ، ئۇلار دەل ىلاد كېچىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتكەن باللار ئىكەن. ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ شەمشاد دەرىخىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىكەن. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى شەمشادنىڭ قۇرۇق شاخلىرىنى قاراسلىتىپ دەسسىگىنىچە بېرىپ ئۇنىڭ ئۇچىدىكى پارقىراق قەغەزدىن ياسالغان يۇلتۇزنى ئۈزۈۋاپتۇ:

— ماۋۇ سەت ھەم قېرى دەرەخنىڭ ئىزا تارتماي شۇنداق چىرايلىق يۇلتۇزنى بېشىغا تاقىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان.

بالىنىڭ گېپىدىن ھوشىنى تاپقان شەمشاد ھويلىدىكى گۇللەپ - ياشنىغان گۇل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرگە قاراپتۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەپتىگە زەن سالپتۇ. ئۇ ئۆز تۇرقىدىن شۇنچىلىك خىجىل بوپتۇكى: «ۋاي، ئىسىت، ئاشۇ بالىخانىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا تۇرۇۋەرگەن بولسام بوپتىكەن» دەپ ئارزۇ قىپتۇ.

ئۇ ئورمانلىقتا ئۆتكەن بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىنى، شاد - خۇراملىققا تولغان مىلاد كېچىسىنى، كالۋانىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسە خۇشاللىق بىلەن قۇلاق سالغان چاشقانلارنى ئەسلەپتۇ.

«تۈگىشىپتىمەن، گۈزەل چاغلىرىم ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ بىچارە شەمشاد، — ئاشۇ چاغلىرىمنىڭ قەدرىگە ئەجەب يەتمەپتىكەنمەن، ئىسىت، ئىسىت !»

بىر خىزمەتكار كېلىپ ئۇنى كەسلەپ نەچچە بۆلەك قىپتۇ. ئاندىن بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. ھويلىنىڭ ئارقىسىدا داش قازاندا بىرنېمە قايناۋاتقانىكەن، خىزمەتكار ئۇنى ئاپىرىپ ئوچاققا تىقىپتۇ.

ئۇ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ، ئارىلاپ پەرياد چېكىۋاتقاندەك «پاراس - پارۇس» ئاۋازلارنى چىقىرىپ قويىدىكەن.

ئويناۋاتقان بالىلار ئوتنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ:

— پاراس - پۇرۇس ! پاراس - پۇرۇس ! كۆيە -

كۆيە، چالا قالماي كۆيە! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ئاڭلىنىۋاتقان «پاراس – پۇرۇس!» ئاۋاز ئەسلىي شەمشاد دەرىخىنىڭ كۆيگەندىكى ئاۋازى بولماستىن، بەلكى ئۇ چېكىنىۋاتقان نادامەت ئاۋازلىرى ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، شەمشاد ياز پەسلىدىكى ئورمانلىقنى، قۇياشنى، قىشتىكى مىلاد بايرىمىنى، كالۋانىڭ ھېكايىسىنى ئەسلىگىنىچە كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپتۇ.

باللار بۇرۇنقىدەك ئويۇننى ئويناپ يۇرۇۋېرىپتۇ، ئەڭ كىچىك مىلاد كېچىسى شەمشاد چېكىسىگە قىسىۋالغان ھېلىقى يۇلتۇزنى مەيدىسىگە تاقىۋاپتۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى، شەمشاد دەرىخى كۆيۈپ كۇل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېكايىمۇ تۇگەپتۇ، ھەممە نېمە تۇگەپتۇ.

# ئۇچار ساندۇق

بۇرۇنىڭ بۇرۇنىسىدا باي بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يېيىتسا بىر كوچىنىڭ يۈزىنى ياپقۇدەك پۇلى بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ پۇللىرىنى كوچىغا چاچىدىغان ھاماقەت ئەمەس ئىكەن، پۇللىرىنى جايىدا ئىشلىتىدىكەن، بىر يارماق خەجلىسە، بىر يامبۇ تېپىشنىڭ ئېپىنى قىلىدىكەن. ئۇ ئۆمرىنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاخىر بېرىپ ئۆلۈپتۇ.

ئۇنىڭ ئاشۇنداق تېپىپ توپلىغان مال - دۇنياسى ئوغلىغا قاپتۇ. ئوغلى ئۇ پۇللارنىڭ مېغىزىنى چېقىپتۇ. ئۇ ھەركۈنى ئاخشىمى نىقابلىق تانسىغا بارىدىكەن، پۇل بىلەن لەگلەك ياساپ ئۇچۇرىدىكەن، تاشنىڭ ئورنىغا تەڭگە پۇللارنى كۆلگە ئېتىپ ئوينايدىكەن. ئۇنىڭ پۇللىرى راستىنلا سۇدا



ئېقىتىۋەتكەندەك ناھايىتى تېزلا تۈگەپ، ئاخىر ئۇ تۆت يارماق، بىر جۈپ ساپما كەش، ئەسكى خالات بىلەن قاپتۇ. دوستلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، كوچا ـ كويلاردا بىللە مېڭىشتىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاق كۆڭۈل دوستى نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى سالارسەن دەپ، ئۇنىڭغا بىر كونا ساندۇق بېرىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ساندۇققا سالغۇدەكمۇ نەرسىسى قالمىغاچقا، مانا ئەمىسە دەپ ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئۆزى كىرىۋاپتۇ.

ئۇ ئاجايىپ ساندۇق ئىكەن، قۇلۇپنى تۇتۇپ قويسىلا ئۇچىدىكەن. ساندۇق راستتىنلا ئۇچۇپتۇ، سودىگەرنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ تۇرخۇندىن ئۇچۇپ چىقىپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.



بىر چاغدا، ساندۇقنىڭ ئاستى قاراسلاپ كېتىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى: «ئىم، ساندۇق يېرىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەمدى بولۇتلار ئارا موللاق ئېتىپ باقىدىكەنمەن ـ دە» دەپ ئويلاپ، قورقۇپ يۈرىكى ساندۇقتىن بۆرۈن يېرىلىپ كەتكىلى قىل قاپتۇ. ھېلىمۇ تەڭرى ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ. ئۇ شۇ ئۇچقىنىچە تۈركلەر ئېلىگە كېلىپ قاپتۇ.

ئۇ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ساندۇقنى ئورمانلىقتىكى غازاڭلارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈپ قويۇپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغانلىقى قىلچە چانماپتۇ، چۈنكى تۈركلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش خالات، ساپما كەش بىلەنلا كوچىلاردا يۈرىۋېرىدىكەن. ئۇ تۆت تەرىپىگە ئەلەڭلەپ قاراپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا بالا يېتىلەپ كېلىۋاتقان بىر ئىنىكئانا ئۇچراپتۇ. ئۇ ئىنىكئانىدىن:

— ھەي، ئىنىكئانا، شەھەرنىڭ چېتىدىكى قەسىرنىڭ دېرىزىسى ئەجەب ئېگىزدىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ يەردە مەلىكە تۇرىدۇ، — دەپتۇ موماي، — بىر پالچى مەلىكىگە پال ئېچىپ، بىر ئاشىق يىگىت ئۇنى بەكمۇ بەختسىز مەلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، دەپتىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرمىسە، ھېچكىم ئۇ يەرگە كىرەلمەيدۇ.

سودىگەرنىڭ ئوغلى مومايغا رەھمەت ئېيتىپ ئورمانلىققا كەپتۇ، ئۇچار ساندۇقنى تېپىپ ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇچۇپ بېرىپ مەلىكە تۇرغان قەسىرنىڭ ئۆگزىسىگە قونۇپتۇ، ئاندىن دېرىزىدىن مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ.

مەلىكە كارىۋىتىدا ئايدەك چىرايلىق، سوزۇلۇپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى كۆرۈپ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشقان يىگىت ئېگىشىپ قىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپتۇ. مەلىكە سۆيۈشتىن چۆچۈپ

ئويغىنىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى ئۆزىنى تۇركلەرنىڭ ئەۋلىياسىمەن، ئەرشتىن سىزنى يوقلاپ چۈشتۈم، دەپتىكەن، مەلىكە شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

ئىككىسى يانمۇيان يېقىن ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىنى زۇمرەت كۆللەرگە، ئاپئاق چىرايىنى قارلىق تاغلارغا ئوخشىتىپتۇ. ئۇ يەنە مەلىكىگە ئوماق بوۋاقلارنى ئەكېلىپ بېرىدىغان لەيلەك① ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئوغلىنىڭ گەپ - سۆزلىرى مەلىكىگە يېقىپ قاپتۇ. ئۇ مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپتىكەن، ئۇ شۇ زامان ماقۇل بوپتۇ.

— شەنبە كۈنى چوقۇم كېلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇ كۈنى پادىشاھ ئاتام بىلەن خانىش ئانام مەن بىللە بىللە چاي ئىچكەچ مۇڭداشقىلى كېلىدۇ. تۇركلەرنىڭ ئەۋلىياسىغا تېگىدىغىنىمنى ئاڭلىسا، ئۇلار چوقۇم پەخىرلىنىدۇ. بىراق، سىز بەكمۇ قىزىقارلىق چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك، نېمىشقا دېسىڭىز، شاھ ئاتام بىلەن خانىش ئانام چۆچەك ئاڭلاشقا بەك ئامراق. خانىش ئانام چوڭقۇر مەنىلىك، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە چۆچەكلەرنى، شاھ ئاتام قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق.

— ماقۇل، تويلۇق ئەكېلىمەن دېگۈچە چۆچەك توقۇپ كەلسەم بولغۇدەك، — دەپتۇ سودىگەرنىڭ ئوغلى.

ئىككىسى ئايرىلىدىغان چاغدا، مەلىكە ئۇنىڭغا

---

① دانىيە رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بوۋاقلارنى لەيلەكلەر مىسىردىن ئەكېلىپ بېرەرمىش.

دەستىسىگە تىلىلا قويغان بىر شەمشەر سوۋغا قىپتۇ. بۇ تىلىلا ئۇنىڭغا بەكمۇ زۆرۈر ئىكەن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇچار ساندۇققا ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بازارغا بېرىپ بىر تىلىلاغا كېچىلىك خالات سېتىۋاپتۇ، ئاندىن ئورمانلىققا كىرىپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چۆچەك توقۇشقا باشلاپتۇ. چۆچەك توقۇش ئۇنىڭغا ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەپتۇ.
ئۇ چۆچەكنى توقۇپ بولغاندا شەنبىمۇ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۈنى، پادىشاھ، خانىش، ۋەزىر - ۋۇزرالار مەلىكىنىڭ قەسرىدە چاي ئىچكەچ ئۇنىڭ يولىغا تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.
بىر چاغدا، سودىگەرنىڭ ئوغلى يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ.
— بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ خانىش، — مەنىلىك ھەم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە چۆچەك بولسۇن.
— ئادەمنى كۈلدۈرەلەيدىغان، قىزىقارلىق چۆچەك بولسۇن ! — دەپتۇ پادىشاھ.
— ماقۇل، باشلىدىم ئەمىسە !
سودىگەرنىڭ ئوغلى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ، سىلەرمۇ ئاڭلاڭلار ئەمىسە.
— بۇرۇنقى زاماندا، بىر باغلام سەرەڭگە بوپتىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىلزادە جەمەتىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئورمانلىقتىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قېرى شەمشاد دەرىخى ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ شەمشاد دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن

ياسالغانىكەن. ئۇلار چاقماق قۇتىسى بىلەن كونا تۆمۈر قۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەپتۇ.

«يېشىل شاخلاردا تۇرغان چېغىمىزدا — ھەي ئۇلار يېشىل شاخ دېگۈچىلىكى بار يېشىل شاخلار ئىدى — ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە ياقۇتتەك سۈزۈك شەبنەم چاي ئىچەتتۇق. كۈنلا چىقىدىكەن، ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلەتتۇق. قۇشلار قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ تولىمۇ باي ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق، چۈنكى باشقا دەرەخلەر پەقەت يازدىلا يېشىل لىباس كىيەتتى، بىز بولساق قىشتىمۇ يېشىل لىباسىمىزنى سالمايتتۇق. شۇغىنىسى، دەرەخ كەسكۈچىلەر كېلىپ جەمەتىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بوۋىمىزنى ئەڭ ياخشى كېمىگە ماچتا قىلىۋالدى، ئەمدى ئۇلار بېجىرىم ماچتىسى بىلەن كېمىنى ھەيدەپ ئالەمنى كېزەلەيدۇ، ئادەملەر باشقا شاخ - شۇمبىلىرىمىزنى قاياققىدۇر ئەكېتىشتى، بىزنىڭ كۈنىمىز ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۆتمەكتە. بىزدەك تېگى ئېسىل نەسەبنىڭ تۇرار جايى ئاشخانا بولۇپ قالدى.»

«بىزنىڭ تەقدىرىمىز سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، — دەپتۇ سەرەڭگىلەرنىڭ يېنىدىكى تۆمۈر كومزەك، — دۇنياغا كەلگىنىمدىن بېرى تولا يۇيۇلۇپ، تولا ئوتقا قويۇلۇپ، تارتمىغان جاپايىم قالمىدى. مەن بۇ ئائىلىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئائىلىدىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقىمەن. مەن ئەڭ ھۇزۇرلىنىدىغان بىردىنبىر ئىش، تاماقتىن كېيىن پاكىز يۇيۇنۇپ، تەكچىدە پۇت ـ قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ دوستلىرىم بىلەن مۇڭدىشىش. سۇ كومزىكىنىڭ ئاندا ـ ساندا ھويلىغا چىقىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز تۆمۈر قۇتىلار تالا ـ تۈزگە چىقالمايمىز. كۆكتات ئېلىش سەۋەبىدىن بازارغا چىقىپ تۇرىدىغان سېۋەت ئارىمىزدىكى ئۇزۇن قۇلاق. ئۇ بىزگە ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالار ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۈلۈشكۈن بىر كونا كومزەك ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن قورقۇپ يىقىلىپ چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى. سىلەرگە دېسەم، ئۇ ئاشۇنداق ئاغزى پالۋان بىرنېمە.»

«گەپنى ساڭلا بەرگەنمۇ؟! — دەپتۇ چاقماق قۇتىسى. شۇ ئەسنادا ئۇ چاقماق تېشىغا سۈركىلىپ ئۇچقۇن چىقىرىپتۇ، — بۇ كېچىنى ھەممىمىز تەڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسەك بولمامدۇ؟»

«ماقۇل، كىمنىڭ زاتى ئەلا، ئېسىل، شۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ باقايلى.»

«ياق، مەن ئەسل ـ نەسلىم توغرۇلۇق سۆزلەشنى خالىمايمەن. ئۆزىنى ماختاش ياخشى ئىش ئەمەس، — دەپتۇ تۆمۈر كومزەك، — بىز كېچىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزەيلى، مەن سىلەرگە ھەممىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ ئىشلار تولىمۇ قىزىقارلىق، چوقۇم قۇلىقىڭلارغا ياقىدۇ. بالتىق دېڭىزىنىڭ بويىدا، دانىيىنىڭ دېڭىز ساھىلىدا...»

«باشلىنىشى بەك ياخشى بولدى، — دەپ چۈرقىرىشىپتۇ تەخسىلەر، — ئاخىرى چوقۇم قىزىقارلىق، بىز مۇشۇنداق ھېكايىلەرگە ئامراق.»

«شۇنداق، مېنىڭ بالىلىق دەۋرىم شۇ جايدىكى تىنچ بىر ئائىلىدە ئۆتكەن. ئۆي جاھازلىرى، پوللار دائىم سۈرتۈلۈپ تۇرغاچقا پارقىراپ تۇراتتى. دېرىزە پەردىلىرى ئايدا بىر ئالماشتۇرۇلاتتى.»

«ھېكايە ئېيتىش ئۇسۇلۇڭ تولىمۇ ئۆزگىچىكەن، — دەپتۇ پەي قاققۇچ، — ئۇنى بىرلا ئاڭلىغان كىشى بۇ ھېكايىنى ئايال كىشىنىڭ ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىدۇ، چۈنكى بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان مۇھىت بەكلا پاكىز ھەم ئازادە.»

«راست، بۇنى ھەركىم ھېس قىلالايدۇ» دەپتۇ سۇ كۆمزىكى. ئۇ خۇشلۇقتىن سەكرەپ تاشلاپتىكەن، ئىچىدىكى سۇلار چاچراپ پولنى بىر ئاپتۇ.

تۆمۈر كومزەك ھېكايىسىنى داۋام قىپتۇ. ھېكايىنىڭ خاتىمىسىمۇ مۇقەددىمىسىدەكلا قىزىق ئىكەن.

تەخسىلەر خۇشاللىقتىن مىدىرلىشىپ كېتىپتۇ. پەي قاققۇچ بىر ئويۇقتىن بىر توپ كەرەپشە تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن گۈلتاج ياساپ تۆمۈر كۆمزەككە كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ قىلىقنىڭ باشقىلارغا ياقمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئىچىدە : «مەيلى، بۈگۈن ئۇنىڭغا مەن كىيگۈزۈپ قويسام، ئەتە ئۇ ماڭا كىيگۈزۈپ قويىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

«ئەمدىكى ئۇسسۇل مېنىڭكى.» لاخشىگىر شۇنداق

دەپلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

«ياپىر، بۇ كەپسىز تېخى بىر پۈتى بىلەن تۇرالايدىكەن ئەمەسمۇ.» بۇلۇڭدىكى كونا ئورۇندۇق قېپى ئورۇندۇقتىن ئاجراپ چۈشۈپ يېقىنىراق كېلىپ لاخشىگىرنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ: «مەنمۇ گۇلتاج تاقالارمەنمۇ؟» دەپ ئارمان قىپتىكەن، ئارمىنىغا تۇشلۇق ئۇمۇ گۇلتاج تاقاپتۇ.

«نېمىلا دېگەنبىلەن تېگى ـ تەكتى ئادەتتىكىچە ئاددىي پۇقرا ـ دە، بۇلار» دەپ ئويلاپتۇ سەرەڭگىلەر.

ئەمدىكى نۆۋەت چەينەككە كەپتۇ، ئەمما ئۇ:

«تۇمۇقاپ قاپتىمەن، ئىچىمدىكى سۇ قاينىمىغۇچە ناخشا ئېيتالمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇ قەستەن شۇنداق دەپتىكەن، چۈنكى ئۇ پەقەت مېھمانخانىدا، يەنە كېلىپ ئېسىلزادىلەر سورۇنىدا ناخشا ئېيتاتتىكەن.

ئاپال خوجايىن ئىشلىتىدىغان غاز پېيىدىن ياسالغان قەلەم دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ سىياھ قۇتىسىغا چوڭقۇر شۇڭغۇپ كىرىشتىن باشقا ئارتۇقچىلىقى يوق ئىكەن، لېكىن ئۇ مۇشۇنىڭدىنمۇ پەخىرلىنىپ يۈرىدىكەن.

«چەينەكنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كەلمىسە ئىشىنى قىلسۇن، — دەپتۇ ئۇ، — هويلىدىكى قەپەستە بىر بۇلبۇل بار، ناخشىنى بەك چىرايلىق ئېيتىدۇ، ئۆزى هېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن، لېكىن بۈگۈن كەچ ئۇنى باهانە قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپمايلى.»

«مېنىڭچە، — ئەمدى چوڭ چۆگۈن سۆز ئاپتۇ، — ئۇ

پەقەت ئاشخانىنىڭ ناخشچىسى، چەينەك بىلەن دادا بىر، ئانا باشقا ئاچا - سىڭىل، چەت ئەللىك بىر قۇشنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرساق، يۈزىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟ مۇشۇمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ؟ بۇنىڭغا دائىم بازارغا بارىدىغان سېۋەت بىرنېمە دەپ باقسۇن.»

«شۇنداق ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ كۆكتات سېۋىتى، — بۇ ئىشلاردىن بىزارلىقىمىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىلەر. بىز بۇ كېچىنى مۇشۇنداق مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ھەممىڭلار ئۆز ئورنۇڭلارغا بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى يېتەكلەپ ئويناي، شۇنداق قىلغاندىلا ئويۇنىمىز قىزىيدۇ.»

«شۇنداق قىلايلى، ئويۇنىمىزنى ئەۋجىگە چىقىرايلى» دەپ چۇرقىرىشىپتۇ ھەممە بىردەك.

توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ دېدەك كىرىپ كەپتۇ. ھەممەيلەننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. دېدەك سەرەڭگىنى ئېلىپ ئوت يېقىپتۇ، ئەتراپ ۋاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ.

«ئەمدىغۇ بىزنىڭ قانچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرلەردىن ئىكەنلىكىمىز ئىسپاتلانغاندۇ، — دەپ ئويلاپتۇ سەرەڭگىلەر، — بىز نېمىدېگەن نۇرلۇق، بىزدىن تارقىلىۋاتقان نۇرلار نېمىدېگەن يارقىن». ئۇلار ئاشۇنداق ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇنلۇق ئىچىدە كۆيۈپ تۈگەپتۇ.

— نېمىدېگەن تەسىرلىك ھېكايە بۇ، — دەپتۇ خانىش، — ئۆزۈمنى خۇددى ئاشخانىدىكى سەرەڭگىلەر بىلەن بىللە تۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بولدى،

قىزىمىزنى سىزگە بەردۇق.
— شۇنداق بولسۇن، دۈشەنبە كۈنى قىزىمىزنى ئەمرىڭگە ئال، — دەپتۇ پادىشاھ ئۇنى يېقىنچىلىق بىلەن «سەن» لەپ. بۇ ئۇنىڭ ئۇنى ئۆز كۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن.
مانا مۇشۇنداق قىلىپ توي كۈنى بېكىتىلىپتۇ. تويدىن بىر كۈن ئاۋۋالقى ئاخشىمى پۈتۈن شەھەر قايناپ كېتىپتۇ، پىچىنە - كەمپۈتلەر چاچقۇ قىلىنىپتۇ، باللار پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ: «ئاپىرىن !» دەپ تەنتەنە قىپتۇ، ئىسقىرتىپ جاھاننى بىر ئاپتۇ. قىسقىسى، جىمى يەر قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپتۇ.
«مەنمۇ خالايىقنى بىر خۇش قىلىۋېتەيچۇ» دەپ ئويلىغان سودىگەرنىڭ ئوغلى ھەر خىل سالىيوتلارنى ساندۇقىغا قاچىلاپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ.
«پاڭ... پۇڭ !... پاڭ... پۇڭ !...» نېمىدېگەن چىرايلىق ھەم ئاۋازلىق سالىيوتلار بۇ.
تۈركىيىلىكلەر سالىيوتلارنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ، سەكرەپ - تاقلىغىنىدىن سايما كەشلىرى پۇتىدىن چىقىپ كېتىپ قۇلاقلىرىغا، باشلىرىغا تېگىپتۇ. ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق يالقۇنلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. مانا ئەمدى مەلىكىنى ئالىدىغان يىگىتنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەۋلىياسى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتۈپتۇ.
سودىگەرنىڭ ئوغلى ساندۇقىغا ئولتۇرۇپ ئورمانلىققا چۈشۈپتۇ. ئۇ چۈشۈپلا: «شەھەرگە كىرىپ باقايچۇ، كىشىلەر نېمىدەپ، نېمە قىلىشىۋاتىدىكىن» دەپ



ئويلاپتۇ. ئاتقان ساليوتىنىڭ كىشىلەرنى قانداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغىنىنى كۆرۈپ بېقىش تاپتىن چىقىپ كەتكەن ئىش ئەمەس - دە.

ياپىرا! ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپمىش. كىمدىنلا سورىسا، ئۇ كۆرگەنلىرىگە قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ خالىغانچە كۆپتۈرۈپ سۆزلەيمىش.

قىسقىسى، ھەممە ئادەم خۇشاللىقتا چۆمگەنمىش.

— تۈركلەرنىڭ ئەۋلىياسىنى كۆردۈم، — دەپتۇ

بىر كىشى، — ئۇنىڭ كۆزلىرى چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىكەن، ساقىلى ئۆركەشلەۋاتقان سۇغا ئوخشايدىكەن.

— ئۇ ئۇچىسىغا ئوتتىن تىكىلگەن تون كىيىپ ئۇچىدىكەن، — دەپتۇ يەنە بىرەيلەن، — تونىنىڭ ئاستىدىن نۇرغۇن پەرىشتە بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپىنى كۆزىتىدىكەن.

ئۇ ئۆزى توغرىسىدا توقۇلغان ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇش بوپتۇ. ئەتىسى توي ئىكەن.

يىگىت ئورمانلىقتا قايتىپ كېلىپ ئۇچار ساندۇقىنىڭ ئىچىگە كىرەي دېسە، ساندۇق يوق تۇرغۇدەك.

ئەسلىدە ساليوتتىن چاچرىغان بىر ئۇچقۇن ساندۇققا چۈشۈپ كېتىپ ئۆچمەپتىكەن، شۇ ئۇچقۇن يانغىنىغا ئايلىنىپ ساندۇقنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەنىكەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يىگىت ئۇچۇشتىن ھەم گۈزەل مەلىكىدىن مەھرۇم بوپتۇ.

مەلىكە ئەتىسى ئۆگزىسىگە چىقىپ كەچكىچە يىگىتنىڭ يولىغا قاراپتۇ، ئەمما يىگىت كەلمەپتۇ. ئۇ ھازىرغىچىمۇ ئاشۇ ئۆگزىدە يىگىتنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغۇدەك. يىگىت بولسا تەركىدۇنيا بولۇپ، نەگىلا بارسا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپ يۈرگۈدەك. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسى ئۇ بۇرۇن ئېيتقان سەرەڭگىنىڭ ھېكايىسىدەك قىزىقارلىق ئەمەس ئىكەن.

# ھومېر قەبرىسىدە ئېچىلغان قىزىلگۈل

شەرق شېئىرلىرىدا بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈلگە شەيدالىقى مەدھىيىلەنگەن. يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان جىمجىت كېچىلەردە قاناتلىق كۈيچى — بۇلبۇل گۈلگە قونۇپ خەندان ئۇرۇپ سايرايدۇ.

سىمىرناغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا، ئاسمان بىلەن بويي تالاشقان شەمشاد دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا بىر سودىگەر لىق مال ئارتىلغان تۆگىلىرىنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ.

بىر چاغدا ئۇلار قىزىلگۈلدىن ھاسىل بولغان بىر قاشانىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. ياۋا كەپتەرلەر ئېگىز دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپتىكەن، قۇياش نۇرىدا ئۇلارنىڭ قاناتلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك نۇر چېچىپتۇ.

قىزىلگۈل قاشاسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزىلگۈلگە بۇلبۇل ئاشىقلىق ئازابىنى تۆكۈپ بېرىپتۇ. ئەمما، قىزىلگۈل ئۇنىڭ دەردىگە داۋا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئىشق ئازابىغا مىتمۇ قىلىپ قويماپتۇ. ئۇنىڭ بەرگىلىرىدە بۇلبۇلغا ئىچ ئاغرىتىپ تۆككەن كۆز يېشى تۇرماق، بىر تامچە شەبنەممۇ يوقمىش. ئۇ يەردىكى نەچچە پارچە تاشقا قارىۋالغان پېتى بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويماپتۇ.

— بۇ يەردە دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ناخشىچى ياتىدۇ، — دەپتۇ قىزىلگۈل، — خۇش پۇرىقىم ئۇنىڭ قەبرىسىگە تەئەللۇق، بوران - چاپقۇن مېنىڭ بەرگىلىرىمنى تۆكەر بولسا، مەن ئۇ بەرگىلىرىم بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى ياپىمەن. ئىليادا قەھرىمانلىرىنى كۈيلىگەن كۈيچى بۇ تۇپراق بىلەن بىرلىشىپ كەتتى، مەن ئاشۇ تۇپراقتىن ئۇنۇپ چىقتىم. ھومېر قەبرىسىدىن ئۇنۇپ چىققان مەندەك مۇقەددەس، پاك گۈل ئاددىي بىر بۇلبۇل ئۈچۈن پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچامتىم!

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن يۈرىكى سەدپارە بولغان بۇلبۇل سايراپ - سايراپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

سودىگەر قارا قۇلى بىللە تۆگىلىرىنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى يەردە ياتقان ئۆلۈك قۇشنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئۇلۇغ ھومېرنىڭ قەبرىسىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ.

قىزىلگۈل شامالدا تىترەشكە باشلاپتۇ. كېچە بوپتۇ. ئۇ بەرگىلىرىنى يىغىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە باشقا يەرلىك بىر توپ ئادەم ھومېرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كەپتۇدەك.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شىمالدىن كەلگەن بىر داڭلىق ناخشىچى بارمىش. ئۇ قىزىلگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ سۆيۈپ قويۇپتۇ - دە، ئاندىن خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ ۋەتىنىگە ئەكېتىپ بىر كىتابنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپتىمىش. قىزىلگۈل ئۆزىگە تونۇشلۇق تۇپراق، ھاۋا - مۇھىتتىن ئايرىلغىنىدىن ئازابلىنىپ ئىچ - ئىچىدىن قۇرۇپ كېتىپتۇمىش. ناخشىچى ھەر قېتىم كىتابنى ئاچقاندا: «بۇ ھومېر قەبرىسىدە ئېچىلغان قىزىلگۈل» دەپ قويارمىش.

چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان قىزىلگۈل تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بەرگىسىدىكى بىر تامچە شەبنەم ناخشىچىنىڭ قەبرىسىگە تېمىپتۇ.

قۇياش چىقىپ يەر - جاھاننى ئوتتەك قىزىتىۋېتىپتۇ. قىزىلگۈل تېخىمۇ ئۆز پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز ئانا ماكانى ئاسىيادا يىلتىز تارتقانىكەن.

توساتتىن، ئۇيۇر - تۇپۇر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بىر توپ ياقا يۇرتلۇقلار ھومېرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قىزىلگۈل چۈشىدە كۆرگەن شىمالىي ياۋروپالىق بىر شائىر قىزىلگۈلنى ئۈزۈۋاپتۇ - دە، گۈل بەرگىلىرىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ مېھرى بىلەن سۆيۈپتۇ، ئاندىن ئۇنى ۋەتىنىگە ئەكېتىپتۇ.

جانسىز قىزىلگۈل خۇددى مومىياغا ئوخشاش كىتابنىڭ قېتىدا ياتىدىكەن، ئاڭلاپ شائىرنىڭ: «بۇ ھومېر قەبرىسىدە ئېچىلغان قىزىلگۈل» دېگىنىنى چۈشىدىكىدەك ئاڭلاپ قالىدىكەن.

# چوشقا باققۇچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاۋارە شاھزادە ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دۆلىتى تولىمۇ كىچىك، بايلىقى بەكمۇ ئاز ئىكەن، شۇنداقتىمۇ خوتۇن ئېلىشقا يېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كېچە - كۈندۈز ئۆيلەنسەم دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ بەكمۇ يۈرەكلىك ئىكەن، شۇڭا بىر قېتىم باشقا ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا سەۋەب بار ئىكەن. چۈنكى ئۇ خېلىلا داڭلىق شاھزادە ئىكەن، مىڭلاپ مەلىكە ئۇنىڭ تەلىپىگە جان دەپ ماقۇل بولىدىكەن. ئەمما بۇ ئەلنىڭ مەلىكىسى ئۇنىڭغا تېگىشكە ماقۇل بولۇش - بولماسلىقى بىزگە نامەلۇم. شۇڭا ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالايلى.

شاھزادىنىڭ شاھ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە بىر تۈپ

قىزىلگۈل ئۇنۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭدەك چىرايلىق ئېچىلىدىغان قىزىلگۈلنى ئەلمىساقتىن بۇيان ھېچكىم كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇ بەش يىلدا بىرلا قېتىم، يەنە كېلىپ پەقەت بىر تاللا ئېچىلىدىكەن.

بۇ گۈل شۇنچىلىك خۇش پۇراق ئىكەنكى، ئۇنى بىرلا قېتىم پۇرىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ جىمى خاپىلىقى تارقىلىپلا كېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شاھزادىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق سايرايدىغان بىر بۇلبۇلى بار ئىكەن. بۇ بۇلبۇلنىڭ كۈيىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئەس - ھوشىنى يوقىتىدىكەن.

شاھزادە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان بۇ گۈل بىلەن بۇلبۇلنى كۈمۈش قۇتىغا سېلىپ مەلىكىگە تەقدىم قىپتۇ.

پادىشاھ كۈمۈش قۇتىنى مۇلازىملىرىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە بىلەن كېنىزەكلەر چوڭ زالدا «ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئېسىلزادە» دېگەن ئويۇننى ئويناۋاتقانىكەن. ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە ئويناشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن. مەلىكە سوۋغاتلىقنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كېتىپتۇ.

— ئىچىدىن بىر مۈشۈك چىقسىدى ئىلاھىم، — دەپتۇ مەلىكە. ئاندىن قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ، ئېچىپتۇيۇ، كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدىن مۈشۈك ئەمەس، بىر تال گۈل چىقىپتۇ - دە!

— پاھ، بۇ گۈلنى نېمىدېگەن ئۇستىلىق بىلەن ياسىغان - ھە! — دېيىشىپتۇ ئەتراپتىكىلەر.

— ئۇستىلىق بىلەنلا ئەمەس، بەكمۇ گۈزەل ياساپتۇ! — دەپتۇ پادىشاھ.

مەلىكە ئۇ گۈلنى سىلاپ بېقىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قاپتۇ.

— ۋىيەي، دادا! — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇ قول بىلەن ياسالغان گۈل ئەمەسكەن، راست گۈلكەن.

— ھىم! راست گۈلكەنغۇ بۇ! — دەپتۇ ساراي ئەھلى باشلىرىنى چايقاپ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈپ.

— خاپا بولماي تۇرۇڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ، — يەنە بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى.

يەنە بىر قۇتىنىڭ ئىچىدىن بۇلبۇل چىقىپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق سايراپتۇكى، ساراي ئەھلى دەماللىققا ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالماپتۇ.

— Superbe! charmant![1] (نېمىدېگەن قالتىس!) — دەپتۇ كېنىزەكلەر ئۆزىچە فرانسۇز تىلىدا سۆزلەپ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلى بىزەمۇ ئۆلچەملىك ئەمەس ئىكەن.

— ئۇنىڭ سايرىشى ئالەمدىن ئۆتكەن خانىشنىڭ مۇزىكىلىق قۇتىسىدىن چىقىدىغان مۇزىكىغا ئوخشايدىكەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

— راست ئوخشايدىكەن! — دەپتۇ پادىشاھ كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

— مەن ئۇنىڭ جېنى بار بۇلبۇل ئىكەنلىكىگە

[1] 18 ـ، 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا ئوردىدىكىلەر فرانسۇز تىلىدا سۆزلىيەلىگىنىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئىشەنمەيمەن ! — دەپتۇ مەلىكە.

— بۇ راست بۇلبۇل ! — دەپتۇ سوۋغات ئەكەلگەن ئادەم.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئۇچۇرۇۋېتىڭلار! — دەپتۇ مەلىكە، ئۇ شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدىكەن. ئەمما، شاھزادە نىيىتىدىن قەتئىي يانماپتۇ. ئۇ يۈزىنى قاپقارا بوياپ، قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ كېلىپ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپتۇ.

— ياخشى تۇردىلىمۇ، ئالىيلىرى، ماڭا ئوردىدىن بىرەر ئىش - پىش تېپىلارمىكى؟

— بۇ يەرگە ئىش ئىزدەپ كېلىدىغانلار سامانداك، — دەپتۇ پادىشاھ، — شۇنداقتىمۇ ئويلىنىپ باقاي! ھە، راست چوشقا كۈچۈكلىرىمىز بەكلا كۆپىيىپ كەتتى، سەن شۇلارنى باق.

شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئوردىدا چوشقا باقquchى بوپتۇ. ئۇ چوشقا قوتىنىنىڭ يېنىدىكى ئەسكى كەپىدە تۇرىدىكەن. ئۇ كۈندۈزى چوشقا باقسا، كېچىلىرى ناھايىتى چىرايلىق بىر قازان ياساپ چىقىپتۇ، قازاننىڭ گىرۋىكىگە نۇرغۇن قوڭغۇراقلار ئېسىلغانىكەن، قازان قاينىسىغا قوڭغۇراقلار زىل ئاۋازدا قەدىمىي ناخشىنى ئېيتىدىكەن:

ھەي، سۆيۈملۈك ئاۋگوستېن،
تۈگىدى، تۈگىدى، ھەممە تۈگىدى!

لېكىن، بۇ قازاننىڭ ھەممىدىن كارامەتلىك يېرى،

ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان ھورغا قولىنى تىقسىلا، پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ ئېتىلىۋاتقان تاماقلارنىڭ ھىدى كېلىدىكەن.

بىر كۈنى مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئويۇنغىلى چىقىپتۇ. ئۇ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاپتۇ. ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر چىلتار چېلىپ ئېيتالايدىغان ھەم ياخشى كۆرىدىغان ناخشىسى ئىكەن.

— بۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ناخشىغۇ، — دەپتۇ مەلىكە، — قارىغاندا بۇ چوشقا باققۇچى خېلى تەربىيە كۆرگەن بالا ئوخشايدۇ. كىرىپ سوراپ بېقىڭلار، ئۇ چېلىۋاتقان سازىنى قانچە پۇلغا ساتىدىكىن؟

بىر كېنىزەك چوشقا باققۇچىنىڭ ئەسكى كەپىسىگە كىرىپتۇ، كىرگەندىمۇ چىرايلىق ئايغىنى سېلىۋېتىپ ياغاچ كەش كىيىپ كىرىپتۇ.

— ئۇ قازىنىڭنى قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كېنىزەك چوشقا باققۇچىدىن.

— ساتمايمەن، مەلىكىنىڭ ئون قېتىم سۆيۈشىگە تېگىشىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوشقا باققۇچى.

— ۋاي، ئانىمەي! — دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپتۇ كېنىزەك.

— شۇنداق، بىر سۆيۈش كەم بولسىمۇ تېگىشمەيمەن.

— ئۇ نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە كېنىزەكتىن.

— ئۇنىڭ دېگىنىنى ئاغزىمغا ئالالمايمەن، — دەپ



جاۋاب بېرىپتۇ كېنىزەك، — بەكلا قورقۇنچلۇق گەپتىن بىرنى قىلدى.

— ئەمىسە قۇلىقىمغا دە ! — دەپتۇ مەلىكە. كېنىزەك چوشقا باققۇچىنىڭ گېپىنى مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ.

— بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ ! — دەپتۇ مەلىكە، ئاندىن بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتىكەن، زىل قوڭغۇراقلار جىرىڭشىپ يەنە ھېلىقى ناخشا ئاڭلىنىپتۇ.

بۇ قېتىم ئۇ ناخشا مەلىكىگە تېخىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىپ كېتىپتۇ. مەلىكە مېڭىشتىن توختاپ قاپتۇ.

هەي، سۆيۈملۈك ئاۋگوستىن،  
تۈگىدى، تۈگىدى، ھەممە تۈگىدى !

— سەن يەنە كىرىپ، مېنىڭ ئورنۇمدا كېنىزەكلىرىم سۆيۈپ قويسا بولامدىكىن، سوراپ چىق ! — دەپ يەنە بىر كېنىزىكىنى كىرگۈزۈپتۇ مەلىكە.

— بولمايدۇ، رەھمەت ! — دەپتۇ چوشقا باقـقـۇچـى، — چوقۇم مەلىكە ئوننى سۆيۈشى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭغا بېرىدىغان قازىنىم يوق.

— ئەجەب جېنىمغا تەگدىيا ! — دەپتۇ مەلىكە، — بوپتۇ، سىلەر ئېتىكىڭلار بىلەن مېنى توسۇپ تۇرۇڭلار، خەق كۆرۈپ قالمىسۇن.

شۇنىڭ بىلەن كېنىزەكلەر كەڭ ئېتەكلىرىنى ئېچىپ مەلىكىگە دالدا قىلىپ بېرىپتۇ، مەلىكە چوشقا باققۇچىنى ئوننى سۆيۈپ قازانغا ئېرىشىپتۇ.

تازىمۇ قىزىق بوپتۇ. كىچىك قازان كېچە - كۈندۈز قايناپ تۇرىدىكەن. مەلىكە ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن تارتىپ موزدۇزنىڭ ئۆيىگىچە نېمە تاماق ئەتكىنىنى بىلىپ تۇرىدىكەن. قازاندىن چىققان ناخشا - مۇزىكىغا قىزلار توختىماستىن چاۋاك چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن.

— كىمنىڭ ئۆيىدە شورپا قايناۋاتىدۇ، كىملەر قاتلىما يەۋاتىدۇ، كىملەر ئۇماچ ئىچىۋاتىدۇ، كىملەر كاۋاپ يەۋاتىدۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان بولدۇق، ئەجەب ياخشى بولدى، — دەپ چۇۋۇرلىشىپتۇ كېنىزەكلەر.

— شۇنداق، — دەپتۇ مەلىكە، — لېكىن، ھېچقايسىڭلار بۇ ئىشنى كىشىگە تىنماڭلار، چۈنكى مەن پادىشاھنىڭ قىزى.

— باش ئۈستىگە ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېنىزەكلەر.

بىراق، بۇ چوشقا باققۇچى سىياقىدىكى شاھزادە بۇنىڭ بىلەنلا قاراپ ئولتۇرماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىچىك بالىلار ئوينايدىغان تومبۇك ياساپتۇ. ئۇ تومبۇكنىڭ سېپىنى ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ چۆرگىلەتسە، تومبۇكتىن ۋالىس، تاڭگو، پولكا مۇزىكىلىرى چىقىپ، جىم تۇرغان ئادەمنىڭ پۇتىنى قىچىشتۇرۇپ تانسىغا چۈشۈرىدىكەن.

مەلىكە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزىكىگە:

— نېمىدېگەن گۈزەل مۇزىكا بۇ! ئۆمرۈمدە بۇنىڭدىنمۇ يېقىملىق مۇزىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. كىرىپ سوراپ باق، ئۇ بۇ سازىنى قانچە پۇلغا ساتىدىكىن. لېكىن، ئۇنىڭغا دەپ قوي، ئەمدى ئۇنى سۆيىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، — دەپتۇ.

كېنىزەك ئەسكى كەپىگە كىرىپ چىقىپ:

— ئۇ مەلىكەمنىڭ يۈز سۆيۈشىگە تېگىشىمەن دېدى، — دەپ چىقىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇيقا چېچى تىك تۇرغان مەلىكە:

— ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپتۇ! — دەپ مېڭىپتۇ، ئەمما ئۇزاققا بارمايلا توختاپ، — سەنئەت جەھەتتىكى بۇنداق ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك. كىرىپ ئۇنىڭغا ئېيت ! مەن دېگەن شاھ قىزى، شۇڭا تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاش پەقەت ئونىنىلا سۆيىمەن، كېنىزەكلىرىم سۆيۈپ يۈزنى توشقۇزسۇن، — دەپتۇ.

— ئۇ قارا زەڭگىنى سۆيۈشنى بىزمۇ خالىمايمىز! — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ كېنىزەكلەر.

— تولا بىلجىرلاشما! — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇ سەتنى مەن سۆيگەن يەردە، سىلەر نېمىتىڭلار. سىلەرنى مېنىڭ بېقىۋاتقىنىمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كېنىزەك چوشقا باققۇچىنىڭ قېشىغا يەنە كىرىپتۇ.

— مەلىكىنىڭ يۈز قېتىم سۆيۈشىدىن باشقا ھېچقانداق شەرتكە كۆنمەيمەن، — دەپتۇ چوشقا باققۇچى، — بولمىسا، مەلىكىنىڭ سۆيۈشى لېۋىدە، مېنىڭ تومبوكۇم قولۇمدا قېلىۋەرسۇن.

ھېچ ئىلاج قىلالمىغان مەلىكە كېنىزەكلىرىنى چۆرىدەپ تۇرغۇزۇپ، ئېتەكلىرى بىلەن دالدا قىلغۇزۇپتۇ ـ دە، چوشقا باققۇچىنى سۆيۈشنى باشلىۋېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىنىڭ ئاپتاپلىقىغا چىقىپ قاپتۇ.

— چوشقا قوتىنىغا نېمانداق جىق ئادەم ئولىشىۋالغاندۇ، — دەپتۇ ئۇ كۆزىنى تازا ئۇۋۇلىۋېتىپ قاراپ، — كېنىزەكلەر بىرەر ئىش تېرىدىمۇ نېمە، ئۆزۈم بېرىپ بىر تەرەپ قىلاي.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسىگىنىچە چوشقا قوتىنى تەرەپكە پالاقشىپ مېڭىپتۇ. ئۇ چوشقا قوتىنى بار ھويلىغا ئاستا كىرىپتۇ. كېنىزەكلەر چوشقا باققۇچىنىڭ بىر سۆيۈشكە ئارتۇق ياكى بىرەر سۆيۈشكە كەم نائىل



بولۇۋالماسلىقى ئۇچۇن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ساناق ساناش بىلەن بولۇپ كېتىپ پادىشاھنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيماي قاپتۇ.

— ھۇ دۆيۈزلەر! — مەلىكىنىڭ چوشقا باققۇچىنى ھەدەپ سۆيۈۋاتقىنىنى كۆرگەن پادىشاھ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ـ دە، پۇتىدىكى كەشىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى چەنلەپ ئېتىپتۇ.

بۇ چاغدا چوشقا باققۇچى ئەمدى تېخى سەكسەن ئالتە قېتىم سۆيۈشكە ئېرىشىپتىكەن.

— كۆزۈمدىن يوقىلىش !

پادىشاھ غەزىپىگە پايلىماي ئۇ ئىككىسىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

قوغلاندى بولغان مەلىكە يىغلاپ كېتىپتۇ. شاھزادىمۇ پادىشاھنى غايىبانىسىگە تىللاپ، قارغاپتۇ.

شۇ ئەسنادا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.

— مەن نېمىدېگەن بىتەلەي، — دەپ يىغلاپتۇ مەلىكە، — ئىسىت، ھېلىقى چىرايلىق شاھزادىگە ھال تارتماي تېگىۋالسامچۇ، ئىسىت، ئىسىت.

شاھزادە بىر تۈپ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يۈز ـ كۆزىدىكى قارا كۈيىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ، ئاندىن شاھزادىلىك لىباسلىرىنى كىيىپ دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقىپتۇ. كېلىشكەن شاھزادىنى كۆرگەن مەلىكە ئىختىيارسىز بىر تىزىنى پۈكۈپ تەزىم قىپتۇ.

— مەن سىزنى نەزىرىمگىمۇ ئىلمايمەن، — دەپتۇ شاھزادە، — سىز بىر شاھزادىنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭىز، گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ نېمە مەنىگە ئىگە

ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىدىڭىز. ئەمما، ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىدىكى ئەرزىمەس بىرنېمىلەرگە ئۆزىڭىزنى بۇزۇپ قاپقارا چوشقا باققۇچىنى ئوننى سۆيگەننى ئاز دەپ يۈزنى سۆيۈشكە رازى بولدىڭىز، شۇڭا يولىڭىزغا مېڭىۋالسىڭىز بولۇرمىكىن.

شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىپتۇ. مەلىكە بولسا يا ئۆز ئېلىگە قايتالماي، يا شاھزادىنىڭ قېشىغا بارالماي:

ئاھ، سۆيۈملۈك ئاۋگوستىن،
تۈگىدى، تۈگىدى، ھەممە تۈگىدى !

دەپ ناخشا ئېيتقىنىچە يىغلاپ قاپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMTk1NTguemlw",
  "filename_decoded": "40219558.zip",
  "filesize": 29666185,
  "md5": "e06ef768a30acf387835d5022662dc9c",
  "header_md5": "5f989d82ad8d586783aa0e9fc225eb32",
  "sha1": "2c1bf08dbf8ff5303a2bb2e937458a67945dce0e",
  "sha256": "f660f964af390d7b9c766f767b31681f5e4e7015549ce09089dd8dbe7e93f0b9",
  "crc32": 2719186016,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 33366959,
  "pdg_dir_name": "\u2591\u2593\u2550\u255c\u2554\u00b7\u2550\u00bb\u2557\u2591\u2564\u00ed2\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40219558",
  "pdg_main_pages_found": 154,
  "pdg_main_pages_max": 154,
  "total_pages": 165,
  "total_pixels": 658318320,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}